تۇرغان شاۋۇدۇن

# قەرزقالغان توي



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

تۇرغان شاۋۇدۇن

# قەرز قالغان توي

مەسئۇل تەھرىرى: ياسىن ئىمىن

شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

1989 – يىل • ئۈرۈمچى

# قەرز قالغان توي

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 ـ قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چىتەي ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.5
1989 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1990 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7-5371-0410-7/I.199
سانى: 1—2.250
باھاسى: 1.10 يۈەن

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار


خەيرلىك سەھەر ........ 3
ۋەتەن ........ 4
ۋەتەن — ئانا ........ 5
تەڭرىتاغ ........ 6
باھار ھەققىدە ناخشا ........ 7
كاككۇك ........ 8
ياشلىق باھارى ........ 9
يالقۇنتاغ ........ 10
ئۈرۈمچى كېچىسى ........ 11
ئاي يورۇتقان كەڭ دالا ........ 12
يايلاق ........ 13
ئىلى يولى ........ 14
سەيلىدە ........ 15
ۋىسال ئىشقى ........ 16
كۆڭۈل ئىستىكى ........ 17
يارغا سۆز ........ 18

سۆيگۈ .................................... 19
مېنى كۈتكىن .................................... 20
گىلەمچى قىزلار .................................... 21
م . سەپىرىگە .................................... 22
ئاخىرقى سوئال .................................... 25
ئوغلۇمغا .................................... 26
ئېشىك يەنە ئەللىك داۋانى .................................... 27
پارچىلار .................................... 30
بالىلار ناخشىلىرى .................................... 33
جەنۇب تەسىراتلىرىدىن تامچىلار .................................... 39


## ناخشا تېكىستلىرى


سازچىمەن - سازەندىمەن .................................... [illegible]
قەلبىم ناخشا خۇشتارى .................................... 50
ھېيت تەنتەنىسى .................................... 51
بۇلبۇل .................................... 53
گۈل باغ .................................... 54
تاڭ شامىلى .................................... 56
گۈزەل ئېلى بويلىرى .................................... 57
قوغۇن پىشتى .................................... 58
ئورما ناخشىسى .................................... 59
قارلىغاچ .................................... 60
ئارخېئولوگ ناخشىسى .................................... 61

گۈلچى قىزغا ............ 62
قوغۇنچى ............ 63
سېنىڭدەك ياخشى يار يوقتۇر ............ 64
سۆيگۈ قوشىقى ............ 66
گۈل يار ............ 67
دەرد ئەيلىمە ............ 69
يۇرتۇم ............ 70
تۇمەن دەرياسى ............ 71
بىر كۆرۈپ ............ 72
سۆيەر بولساڭ ............ 73
ياشلىق ئالبومى ............ 74
تېنىڭدە زەررە كۈچ بولسا ............ 75
گەر گۈزەللىك ئىزلىسەڭ ............ 76
ئوقۇتقۇچىمەن ............ 77
ناخشا مېنىڭ ھاياتىم ............ 78
تولۇن ئاي ............ 79
يار گۈزەل ............ 80
خەلقىم ............ 82
سۆيىمەن ............ 84

## داستانلار

قەرز قالغان توي ھەققىدە قىسسە ............ 87
ئاق چەك ............ 100

# شيئرلار

# خەيرلىك سەھەر

تاڭ ئاتتى سۈزۈلۈپ بېلىق باغرىدەك،
ئوينايدۇ ئۇپۇقتا كۈمۈش رەڭ شولا.
نۇرلىنىپ ئۇياتچان قىزلار كۆزىدەك،
نەگىدۇر مۆكمەكتە ئوماق يۇلتۇزلار.

چىللىشىپ خورازلار بەسلەشكىنىدەك،
جاراڭلىق ئۈنىگە كۆمدى يېزىنى.
قوزغىلىپ شوخ شامال مەيىن شىۋىرلاپ،
دىماققا ئۇردۇ شەبنەم ھىدىنى.

نەدىدۇر چاڭىلداپ سايرايدۇ بۇلبۇل،
سايرىغىن كۈيلەپ بۇ تاڭ سۈبھىسىنى.
خەيرلىك تاڭ سەھەر!
سەن بىلەن يېزام
شان بىلەن باشلايدۇ يەنە بىر كۈننى.

1982-يىل، غۇلجا تۇرپانيۈزى.

# ۋەتەن

بەختىيار قىلدى مېنى ۋەسلى ئىقبالىڭ ۋەتەن،
ئەيلىدى قەلبىمنى شاد كۈلكە-خەندانىڭ ۋەتەن.

بەردى چېھرىمگە جۇلا بەختىڭ گۈلىنىڭ جىلۋىسى،
زوق - ھۇزۇر ئەتتى بەخش كۆكتە جەۋلانىڭ ۋەتەن.

ئالمىقىم ئەركىن نەپەس نازاكىتىڭنىڭ مەھسۇلى،
خۇش ئارامگاھىم مېنىڭ باغۇبوستانىڭ ۋەتەن.

سەن ئامان، مەنمۇ ئامان، سەن بىلەن قوۋناق ھايات،
بىغۇبار ئۆتكەي ئەبەد يەرۇئاسمانىڭ ۋەتەن.

1985 - يىل

# ۋەتەن — ئانا

ۋەتەن غەمخور ئانا بىزگە،
قۇياشتەك مېھرىبان باغرى.
بۈيۈك تاغلار ئۇنىڭ قەددى،
باغى نۇرانە رۇخسارى.

چېچەكلەر جىلۋىسى كۈلكە،
بۇلاقلار كۈيى خەندانى.
دېڭىز شاۋقۇنلىرى قايناپ،
تېشىپ تۇرغان ھاياجانى.

ئاڭا ئەرزىيدۇ زەرھالقا،
قىلار بولساق قۇياش - ئاينى.
ئاسايلى بويىنىغا مارجان،
قىلىپ يۇلتۇزنى - چولپاننى.

1985 - يىل

# تەڭرىتاغ

ئەي قەدىمىي تەڭرىتاغ قۇتلۇق ماكانىم سەن مېنىڭ،
كۆز ئېچىپ ئالەمگە دەسلەپ كۆرگەن جاھانىم سەن مېنىڭ.

ئوخشىتىپ ئۆستۈم بۈيۈك قەددىڭنى قەددىمگە ھامان
كۆزگە نۇر، زېھنىمگە كۈچ بەرگەن پاناھىم سەن مېنىڭ.

قارئەمەس ئۈستۈڭدىكى شاھلىق تونىدۇر مەن ئۈچۈن،
قوللىرىم كۆكسۈمدىدۇر شاھى خاقانىم سەن مېنىڭ.

ھەرباھاردا ئاچىلۇر باغرىڭدا ھەرخىل گۈل - چېچەك،
ئەيلىگەن بۇلبۇلنى شەيدا گۈلگۈن تابانىم سەن مېنىڭ.

سۇلىرىڭنىڭ ئېقىمى ئەيلەيدۇ كۆلكەڭنى ئابان،
ئاسمىنىڭ كۆكسۈڭ سېنىڭ چەكسىز پايانىم سەن مېنىڭ.

سەن بىلەن تاپتىم كامال، ئەھدىم ياشاش ئىشقىڭ بىلەن
جان بىدا ھەردەم ساڭا سۆيگەن جانانىم سەن مېنىڭ.

1987 - يىل

# باھار ھەققىدە ناخشا

ئەي كۆڭۈل زوقى باھار مېھرىنىڭ قۇياش دۇردانىسى،
سەن پەسىللەر ئەركىسى چېھرىنىڭ گۈزەل گۈل تاجىسى.

ھەردىمىڭ بۇلبۇلغا كۈي، گۈللەرگە خەندە بەخش ئېتەر،
ساپ ھاۋايىڭ جان راھىتى، تەشنا كۆڭۈل جانانىسى.

قىلغۇسى شەرھىڭنى بۇلبۇل تۈن بويى ئەيلەپ ناۋا،
ھەر ناۋا ئىشقىڭدا كۆيگەن ئاشىقىڭ ئەبغانىسى.

تاپمىغاي سەنسىز تەبىئەت ھۆسنىگە كۈلكە ـ جۇلا،
سەن تەبىئەت مۈلكىنىڭ جىلۋىسى ـ خەندانىسى.

1987 ـ يىل

# كاككۇك

كۆڭۈلنى قاپلىدى شادلىق ئۆركىشى،
خۇش ئاۋاز كاككۇكنىڭ كۈيىنى ئاڭلاپ،
ئۇ باھار ئاشىقى، باھار كۈيچىسى،
قۇتلايدۇ باھارنى شاد - خۇرام سايراپ.

باھارنىڭ زوقىغا تولغان يۈرەكتىن،
باھارنىڭ كۈيىنى ئاڭلىماق لەززەت.
سۆيىمەكلىك كاككۇكنىڭ كۈلكە - كۈيىنى
باھارغا تەئەللۇق ئىشقى - مۇھەببەت.

1979 - يىل

## ياشلىق باھارى

ياشلىق باھارى كۆركەم نەقەدەر،
گويا جىلۋىلىك نۇرانە سەھەر.

قۇياش ھەر تاڭدا تۆكۈپ مېھرىنى،
ئۆتىدۇ سۆيۈپ ئۇنىڭ چېھرىنى.

ئۆمۈرنىڭ كۆركەم ئالتۇن پەسلى ئۇ،
لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن پەسلى ئۇ.

غايە، ئىنتىلىش ئۇنىڭ رىغبىتى،
غەلىبە - زەپەر كۆركى - زىننىتى.

1985 - يىل

# يالقۇنتاغ

يالقۇنى كۆككە تاقاشقان خۇددى زور گۈلخان گويا،
قۇش ئۇچۇپ ئۆتسە كۆيەر تاپماس ۋىسالىدىن زىيا.

ئۆتتى شۇنداق كۆپ ئەسىرلەر بەرمىدى ھېچكىمگە نەپ
قۇرىدى مىڭبىر جاپادا ئەل ئاتا ئەككەن گىياھ.

يېڭى دەۋران ئەھلى قىلدى خۇددى يالقۇنتاغنى گۈل،
قىلدى يالقۇنتاغ تۈمەن بۇلبۇلنى گۈلگە مەھلىيا.

چۆمدى شادلىققا كۆڭۈللەر ئۇرغۇدى دىلدىن غەزەل،
چۈشتى يالقۇنتاغ ئۇسسۇلغا شاد كۈلۈپ ئەيلەپ جۇلا.

1981-يىل

# ئۈرۈمچى كېچىسى

كېچە ئاسمىنىغا چوكتى،
ئادا قى نۇرلىرى كۆنىنىڭ.
تۈمەن يۇلتۇزنى ئورناتتى،
ساماغا ھېكمىتى تۈننىڭ.

كۆرەرسەن ئۆزگىچە ئۇزاۇق،
ئۈرۈمچى قوينىدا شۇ تاپ.
تۇتاشتۇردى زېمىن - كۆكنى،
چىراغلار نۇرلىرى چاقناپ.

بارار ئىش سېختا، زاۋۇتتا،
ئۈزۈلمەس يولدا ئادەملەر.
قىلارغا سەيلە باغلارنى،
غەنىيمەت بۇ ئېسىل دەملەر.

ئارامگاھلار بېغىشلاپ زوق،
ئۇزار شاد ناخشىدا ھەرتۈن.
كۈتەر بۇ يۇرت تۈنى كۈننى،
قىلىپ ئۆز ھۆسنىگە مەپتۇن.

1986 - يىل

# ئاي يورۇتقان كەڭ دالا

ئاي يورۇتقان كەڭ دالا
قەلبىم ساڭا مەھلىيا.
ئۇچراشقاندا يار بىلەن
بولدۇڭ ماڭا سەيلىگاھ.

گۈل ئارىسى خىلۋەت يول،
سايراپ تىنماس شوخ بۇلبۇل.
بولدى بىزگە پايانداز،
باغرىڭدىكى ھەر گىياھ.

قوينۇڭدا شاد كەزدۇق بىز،
چەكسىز راھەت سەزدۇق بىز.
راھەت قوشتى راھەتكە،
سەندىن ئۇچقان شوخ سابا.

سەندىن ئالغان زوق - ھۇزۇر،
ماڭا تالىق بىر ئۆمۈر.
ئۇنتالمايمەن مەن سېنى،
قەلبىم ساڭا مۇپتىلا.

1987 - يىل

# يايلاق

يېشىل يايلاق گۈزەللىكىنىڭ كۆركەم سىماسى،
جانغا راھەت ئىپار بۇيلۇق سالقىن ھاۋاسى.

رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلەرگە تولغان ھەرتەرەپ
قاماشتۇرار جۇپ كۆزلەرنى ئويناق جۇلاسى.

مۆلدۈربۇلاق ئاقار ئويناپ جىلغىلار ئارا،
زوق بېغىشلار شادناخشىدەك لەرزان ساداسى.

تارقىتىدۇ قارىغايلار يېقىملىق پۇراق
كېلىپ تۇرار ھەرتەرەپتىن قۇشلار ناۋاسى.

كۆككۆل ياشناپ سۆيۈنەر جان ئۇنىڭ قوينىدا،
يايرار قەلبىم بولۇپ ھەردەم ناخشا دەرياسى.

1986 - يىل

# ئىلى يولى

ئىلى يولى گۈل-چېچەكلىك گۈل - گۈلىستان،
تارقىلىدۇ گۈللەر ھىدى ئۇندا ھەر يان.

بۇلبۇللىرى بەس-بەس بىلەن سايرىشىدۇ،
تورغايلىرى كۆكتە ئەركىن يايرىشىدۇ.

ئېلىپ بارار يوللار گۈزەل چىمەن باغقا،
باغلار يولى تۇتىشىدۇ باغدىن تاغقا.

توقايلىرى تۇماندىن ئاق رومال ئارتقان،
كۈمۈش سۇلار تاشتىن-تاشقا غۇلاچ ئاتقان.

ئىلى يولى گۈزەللىكنىڭ رىشتىسىمۇ،
ياكى چېھۋەر تەبىئەتنىڭ كەشتىسىمۇ.

كىمكى ئاڭا باسسا ئاياغ لال بولغۇسى،
بولۇپ شەيدا كەلمەس ئەبەد ئايرىلغۇسى.

1986 - يىل

# سەيلىدە

(قىزلار تىلىدىن)

بۆركەنگەندە كەڭ دالا،
گۈل-چېچەككە، لەيلىگە.
دوستلار خۇشال جەم بولۇپ،
چىقتۇق بىللە سەيلىگە.

قىلدى دىلنى مەھلىيا،
يىللىق شامال، ساپ ھاۋا.
قوشتى شادلىق شادلىققا،
بۇلبۇل تۆككەن كۈي - ناۋا.

ئورمانلارنى ئارىلاپ،
تىزدۇق گۈزەل گۈل دەستە.
كۆز ئۈزەلمەي يىگىتلەر،
قاراپ قالدى ھەۋەستە.

بىلەلمىدۇق زادىلا،
گۈل گۈزەلمۇ بىز ئۈزمۇ؟
يىگىتلەرنى رام قىلغان،
گۈل-چېچەكمۇ يا بىزمۇ؟

1987 - يىل

# ۋىسال ئىشقى

قاچان كۆردۈم جامالىڭنى ئۇنى قەلبىمگە جا قىلدىم،
ئىلىپتەك ئۇشبۇ قامەتنى ئېگىپ ئالدىڭدا يا قىلدىم.

كېچىلەردە بىداردۇرمەن نەكۈندۈز ئارامىم بولغاي،
بۇ كۆڭلۈم مۈلكىنى ھۆسنۈڭ غېمىگە مۇپتىلا قىلدىم.

كۆيەر باغرىم ئارا بىر ئوت ۋىسالىڭ ئىشقىدا ھەردەم،
دېمەسمەن قانچە كۆيسەممۇ كۆرۈپ ھۆسنۈڭ خاتا قىلدىم.

ۋىسالىڭ گۈلخىنى ئالغاي بۇ ئىشقىم ئوتىدىن يالقۇن،
يۈرەك سۆيگەن شۇيالقۇننى مۇقەددەس سەجدىگاھ قىلدىم.

يورۇتسا بەس ئاشۇ يالقۇن جۇدالىق ھىجرىنى بىركۈن،
ۋىسالىڭ جامىدىن شەربەت ئىچەرگە جان پىدا قىلدىم.

1984 - يىل

# كۆكۈل ئىستىكى

ئەيمىنىپ باغىڭغا كىردىم گۈل ئارىلاپ گۈل ئۈزگىلى،
گۈل ئۈزۈش ئەسلى باھانە گۈلدەك يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

گۈل جامالىڭ ئالدىدا گۈللەرگە باقماق نەكېرەك،
ساڭا تەشنا بۇ كۆڭۈلنىڭ تەشناسىنى قاندۇرغىلى.

بۇ كۆڭۈل ئىستەيدۇ دائىم باغىڭدا گۈل بولماقنى ھەم،
ئېچىلىپ ھەرتاڭ سەھەر ئىشقىڭ بىلەن سۆيدۈرگىلى.

1985 - يىل

## يارغا سۆز

گۈزەل يارىم، تولۇن ئايىم،
مۇھەببەت تەختىدە شاھىم.
سېنىڭ ۋەسلىڭ، باھار پەسلىڭ،
پەخىرلىك سۆيگۈ ئۇنۋانىم.

گۈزەل ياشلىق تاپار شادلىق،
سېنىڭدىن زوق ئېلىپ دائىم.
ساڭا سادىق بولۇپ ئۆتمەك،
ئۆمۈرلۈك ئەھدۇ پەيمانىم.

1985 – يىل

# سۆيگۈ

سىزگە ۋاسىتە بولمىغان ھەتتاكى سۆز،
ئۇچرىشىپ قالغان ناھايىتى كۆزگە كۆز.
ئوت بولۇپ يانغان ئۇنىڭ شۇئان يۈزى
مەنمۇ دەل پەرۋانە بولغان يۈزدەيۈز.

سۆيگۈگە ئارتۇقچە سۆز بىكار ئىكەن
ئاشا دىللار ئارا كەڭ يول بار ئىكەن.
ئۆتتى كۈنلەر سىردىشىپ شۇندىن بېرى،
كۆيسە، كۆيسەڭ شۇساشا دىلدار ئىكەن.

1986 - يىل

# مېنى كۈتكىن

چىقماس ھەرگىز ئېسىمدىن،
شۇ قۇتلۇق باھار.
مەن ئۇ قۇشقا يول ئالدىم،
سەن قالدىڭ نىگار.

يېپەك ياغلىق قولۇڭدا،
يەلپۈنۈپ قالدى.
سۆيگۈ تولغان پاك يۈرەك،
تەلپۈنۈپ قالدى.

جۇدالىقنىڭ ئىلكىدە،
ئۆتتى ئاي، يىللار.
تۇتاشتۇردى يىللارنى،
ۋاپالىق دىللار.

ۋاپادارلىق رىشتىسى،
ئۈزۈلمەس ئەبەد.
كۈتكىن ۋىسال تېڭىنى،
كۈت مېنى پەقەت.

1987 ـ يىل

## گىلەمچى قىزلار

دەستىگاھىنىڭ ئالدى گۈلزار، ھەر گىلەم گۈلدىن گۈزەل،
ئولتۇرۇشقان بۇندا قىزلار ھەربىرى ھۆردىن گۈزەل.

تالى مەجنۇن قوللىرىدا گۈل چېچەر گۈل ئۈستىگە،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، ساچى سۇمبۇلدىن گۈزەل.

ھەر گۈلىگە سۆيگۈ مېھرى بېرىدۇ ئويناق جۇلا،
ھەر تالا يىپ رىشتى دىلنىڭ، پاكلىقى نۇردىن گۈزەل.

بۇ گۈزەللىك بەرمىگەي زوق قايسى ئىنسان قەلبىگە،
يوق گۈزەللىك شۇ گۈزەللىك ماھىرى قولدىن گۈزەل.

1987 - يىل

# م. سەيپىرىگە

مەن 1971 - يىلى مىللىي ناخشا - مۇزىكىلارنى لېنتىغا ئېلىش خىزمىتى بىلەن غۇلجىغا باردىم. بۇ چاغدا ئۈلگىلىك تىياتىرلارنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، مىللىي ناخشىلارغا سەھنىدىن ئورۇن بېرىلمىگەچكە، خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قالدۇق، يولداش م. سەيپىرى 1975 - يىلى بىر قىسىم ئاپتورلارنى رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن يازغان «دوستانە چاقچاق» سەرلەۋھىلىك شېئىرىي ئەسىرىدە ئەنە شۇ ۋەقەنى ئەسلەپ، ماڭا مۇنۇ مىسرالارنى بېغىشلىغان:

تۇرغان شاۋۇدۇن «قونالغۇدا» ① نەچچە ئاخشام ياتتىڭىز،
ئاپپاراتقا مەنزىرىدىن تالاي سۈرەت تارتتىڭىز.
ئۈنئالغۇغا بىراق ناخشا ئالالماستىن قايتتىڭىز،
بولامدىكەن زامانغا لايىق سەنئەت بولمىسا؟

— سىز شېئىر يېزىپ ھەدىردان سەپىرى.
قامچىلاپسىز مېنىمۇ ئەل قاتارى.

① «قونالغۇدا» دېگەن شېئىرىم كۆزدە تۇتۇلغان.

كەلدى كۆز ئالدىمغا شۇ دەم بىر مۇبىر،
مەن سەپەر قىلغان شۇ چاغنىڭ خاتىرى.

ئەسلىمەك ئۇ چاغنى ئەسلى دەرد ماڭا،
ئىشلىمەسلىك ئىشىنىمۇ ھەم سەت ماڭا.
دەر ئىدىم چۈنكى ئۆزۈمنى ھەرقاچان
قەلبى چوغ ئەلنىڭ باھادىر چاكىرى.

ۋە لېكىن ئىش كەلمىسە ئۇختىمىسىغا،
نە ئامال چۈشمەي قازا① نوختىسىغا.
كەتكىنىمدە ئىختىيار ئۆز ئىلكىدىن،
كۆڭگۈسى شىرمۇ قەپەسكە ئاخىرى.

شۈندىمۇ يۈردۈم يەنە ھەريان كېزىپ،
توپلىماققا ناخشا ـ ساز بىر ـ بىر قېزىپ.
قالمىدى مەن باسمىغان سەھرا ـ شەھەر،
قالمىدى ھەتتاكى تاغلارنىڭ قىرى.

ھەممىدە كۆردۈم پەقەت بىچارىلىق،
تۇتتىمۇ، دەيسەن قاراپ يە قارىلىق.
ناخشىسىز ئۆتەر ئىدى كۈن ۋە تۈنى،
يوق ئىدى چالماققا ھەتتا دۇتارى.

يوق بۇنىڭ ۋەجىنى سۆزلەش ھاجىتى،
چۈنكى سىزمۇ ئاشۇ دەۋران شاھىتى.

① قازا — تەقدىر.

ھەممىنى قىلغان ئىدى بەربات تامام
ئاغدۇرۇلغان«تۆت كونا»نىڭ گۇمبىزى.

بولدى سېرىقتىن سېرىق ئەلنەغمىسى،
دېدى مۇقاملارنى ئوردا نەزمىسى.
ھەممە يەردە دېدى: قىلساڭ گەرلۈپىن،
مانا تەييار ئۆلگىلىك تىياتىرى.

ئېيتىشار خور قىپ ئۈنى ئۇيغۇر، قازاق،
نە تىلى كەلسۇن، بەئەينى بىر مازاق.
مەن كۈلۈپ كەتكەن بولاتتىم شۇ كۈنى،
توسمىسا كۈلكەمنى كۈلكە خەتىرى.

نە ھاجەت ئالماق ئۈنى لۈپىن قىلىپ،
تۇرسا لۈپىنجىدا ھەركۈن ئېيتىلىپ.
بۈيرۇماڭ، — دېدىم شۇڭا، — ئەيىبكە سىز،
شۇ بىلەن پۈتتى پېقىرنىڭ سەپىرى.

بۈيرۇماڭ سىزمۇ مېنى ئەيىبكە كۆپ،
مەن ئەيىبلىك دېمىگەيمەن ئۆكۈنۈپ.
كەلسە ئىش ئۇختىسىغا ئىشلەر پېقىر،
سىز شۇچاغ دەيسىز «ئىكەن راست گەپلىرى».

يىل - 1985

# ئاخىرقى سوئال

ئوكچىلىق قالپىقىنى كىيىپ مەرۇپ،
ئۆتكۈزدى تالاي يازۇ، تالاي قىشنى.
ھەيدىلىپ نازارەتتە ھەر تەرەپكە،
ئىشلىدى ھەممىدىن كۆپ ئېغىر ئىشنى.

ھالسىراپ يىقىلدى ئۇ ئاخىر بىركۈن،
ۋەلېكىن ئېمىگىدۇر تارتىشاتتى.
— باشلىقنى چاقىرىڭلار، — دېدى تەستە،
— پەقەتلا بىر ئېغىز گېپىم بارتى.

باشلىقمۇ كەلدى يېتىپ دەرھال، ئۇنىڭ
ئاخىرقى ئۇمىدىنى يەردە قويماي.
پىچىرلاپ دېدى مەرۇپ: — كېلىڭ باشلىق،
بار پەقەت بىرلا سوئال سوراپ ئالاي.

ئىشلىدىم يىگىرمە يىل كىيىپ قالپاق،
كونىراپ كەتكىنى يوق ھازىرمۇ ساق.
لازىممۇ، لازىم ئەمەس سىلەرگە بۇ،
گەرلازىم بولسا تاشلاپ كەتسەم قانداق؟

1978 — يىل

## ئوغلۇمغا

ئەمدىلا تۆت ياشتىن ھالقىغان ئوغلۇمنى ئېلىپ مەلۇم بىنىر زاۋۇتنىڭ يېڭىدىن تەييىنلەنگەن باشلىقى بىلەن پاراڭلىشىشقا باردىم. بۇ ياش باشلىقنىڭ كەمتەر، مۇلايىم ھەمدە ئىنتايىن ئوچۇق كۆڭۈللۈكى ئوغلۇمغىمۇ تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— دادا، ئۇ ئاكامنىڭ ئىسمى نېمە؟ - دەپ مەندىن سوراپ قالدى.

— تۇرسۇن.

— مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ تۇرسۇن قويۇپ قويغان بولساڭ بوپتىكەن.

— نېمىشقا؟

— تۇرسۇن ئاكام بەك ياخشىكەن.

— پەزىلەت قەلبىنىڭ يارقىن شولىسى،
ئىنسانىي خىسلەتنى ئېيتەر ئۇ ئەكس.
تەھقىقكى، مۇلايىم، كەمتەر كىشىدۇ،
قەلبىنى ئەل ئۈچۈن ئاتىغان شەخس.

دېمەككى، ئىسمىلا ئۆلچەمەس ھەرگىز،
ئادەمنىڭ خىسلىتى ۋە قىممىتىنى.
ئىستىسەڭ تۇرسۇندەك بولماقنى ئوغلۇم،
قەلبىڭگە يىغ ئۇنىڭ پەزىلىتىنى.

1982 - يىل

# ئېشىڭ يەنە ئەللىك داۋانى

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى كەرىمەنىڭ 50 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

سىز كىردىڭىز بۈگۈن ئەللىككە،
ئاتلىدىڭىز ئەللىك داۋانىنى.
شۇ ئۆمرىڭىز ئىچىدە كۆرۈپ
ئۆتتىڭىز كۆپ ياخشى-يامانىنى.

ھاياتلىقنىڭ كۆركى، ئۈمىدى،
سىزنى ھامان ئالغا باشلىدى.
مۇشكۈل سەپەر ئىزغىرنلىرى،
كۆزىڭىزنى تالاي ياشلىدى.

تەھقىق، ھايات يولى بولماس تۈز،
باھارنىڭمۇ بولار جۇدۇنى.
باردۇر يازنىڭ تومۇز ئاپتىپى،
ئالتۇن كۈزنىڭ دەھشەت بورىنى.

ياشغۇچى ئۇچۇن زىت، دېمەك،
زىددىيەتلىك بۇ چەكسىز ئالەم.
ياشار ئىچىپ شۇ زىتلىقتىن يول،
ئىرادىلىك ھەر قەيسەر ئادەم.

دېمەك ياشاش ئۆزى كۆرەشتۇر،
ھەر ئۆتكەلدىن ئۆتمەك غەلىبە.
باسقان ئىزى چاقنار يۇلتۇزدەك،
غەلىبىسىنى قىلىپ تەنتەنە.

ياشىدىڭىز سىز مەغرۇر كۆلۈپ،
ياشىدىڭىز يول ئىچىپ راۋان.
ياشىدىڭىز يارىتىپ پەقەت،
ئۆزىڭىزگە خاس تارىخ ھامان.

ۋاراقلىساق بۈگۈن بىز ئۇنى
شادلىنىمىز بىز سىزدىنمۇ بەك.
بۇ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىپتىخار،
ئەۋلادىمىز ئۈچۈن زور ئۆرنەك.

شۇ پەخىرلىك ئۆرنەك نامىڭىز،
تەنتەنىسى ئىرادىڭىزنىڭ.
ياشىنىشى ھەم ئىچىپ گۈل - چېچەك،
ئارزۇ، مەقسەت، مۇرادىڭىزنىڭ.

تولغان ھايات ئارزۇ- ئارمانغا،
ياشاش پۇرسەت ئاڭا يەتمەككە.

ياشاڭ يەنە ئارزۇلار ئۈچۈن
زېھنىڭىزنى سەرپ ئەتمەككە.

ئەللىك داۋان ئاشتىڭىز بۈگۈن،
ئېشىڭ يەنە ئەللىك داۋاننى.
چاچلىرىمىز ئاقارسۇن بىللە،
ئۆزگەرتەيلى بىللە جاھاننى.

1987 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



## پارچىلار

چۈشەنمەك ئىستىسەڭ ئەگەر بىراۋنى،
قارىما سەن ھەرگىز ئۇنىڭ گېپىگە.
قارىغىن كۆندىلىك ئاددىي ئىشتىمۇ،
تاقالغان چېغىدا شەخسىيىتىگە.

× ×

ھەسەتخور كىشلەر كېلەر گۇمانخور،
ياشايدۇ زورئازاب ئىچىدە شۇڭا.
يوقمۇ ھېچ راھەتى، دېسەڭ، راھەتتۇر،
ئۆزگىنىڭ پېيىنى قىرقماق ئاڭا.

× ×

بولمىغان بولسىدى بۆرە زوراۋان،
قوۋلۇقنى ئۆگەنمەس ئىدى تۈلكىمۇ.
زوراۋان كىشىگە خەتەرلىك شۇڭا،
ئالايغان كۆز ئەمەس، يۇمشاق كۈلكىمۇ.

× ×

مېنى يامان دەپسەن دېگەن سۆز بىلەن،
يۇردۇڭ مەندىن ئۇزاق زامان يۈز ئۆرۈپ.
ئەمدى بىلدىم يامانلىقىڭ شۇ ئىكەن،
كىم سۆز قىلسا قالاركەنسەن چىنپۇتۇپ.

× ×

بىر سۆزمەنبار باشقىلارغا سۆز بەرمەيدۇ،
سۆزلىرى ئەمالارغا كۆز بەرمەيدۇ.
ئاڭا تىل ئاتا قىلغان خۇدا نېچۈن،
لاپ ئۇرغاندا چىم - چىم قىلار يۈزبەرمەيدۇ؟

× ×

ۋاقىت دېگەن تەبىئەتنىڭ ھىممىتى،
بارلىق غەلىبە، زەپەر ئۇنىڭ نېمىتى.
يەتكەنسىرى كىشى ئۇنىڭ قەدرىگە،
شۇنچە ئېشىپ بارار ئۇنىڭ قىممىتى.

× ×

تۇرمۇشتا خېلىلا قىلاركەن كەملىك،
ئۆزىنى مۆلچەرلەش، ئۆزگىنى بايقاش.

ئەكسىچە بولسىدى، بەرمەس ئىدى يۈز،
ئۆزىنى ماختاشمۇ، ئۆزگىنى ۋايساش.

× ×

پۇل، مۇھەببەت ھەركىشىنىڭ دىلبىرى،
خۇددى جىنىڭ ئالتۇنغا ئوخشار ھەربىرى.
ساختىلىققا بولمىغاي ئۇ مەڭگۇ يار،
پاك نىيەتنىڭ ئۇ ئىپسىل ئەڭگۈشتىرى.

× ×

سۆزلەيسەن ئەجدادلار ھەققىدە پات - پات،
ئىش ئىزى، تۆھپىسى بىلەن بولۇپ شاد.
ئويلايمەن، سەن ئۆزۈڭ قىلماقچى نىمە،
ئەۋلادلار زوق بىلەن ئەيلىگۈدەك ياد؟

# باللار ناخشلىرى

(باغچه باللىرى ئۈچۈن)

## ئالدىراش پەيت

جىرىڭلايدۇ سائەتىنىڭ،
قوڭغۇرىقى نېمىشقا؟
جىرىڭلايدۇ چاقىرىپ،
چاپسان ئىشقا مېڭىشقا.
ئاپام شۇئان ئاكامنى،
ياتما، تۇرۇپ كەت دەيدۇ.
ماڭ مەكتەپكە چاي ئىچىپ،
كېچىكسەڭ بەك سەت دەيدۇ.
بۇنى مەنمۇ باغچامغا،
ماڭىدىغان پەيت دەيمەن.
مېڭىشىمىزنى ئاپامنىڭ،
ماڭا باغلىق شەرت دەيمەن.

قالسا ئىشقا كېچىكىپ،
ئاپامغىمۇ سەت دەيمەن.
سەللا ئەمەس تۆپىلەپ،
دەرد ئۈستىگە دەرد دەيمەن.
ئېرىنمەستىن شۇڭلاشقا،
كىيىنىمەن تېز تۇرۇپ.
سۆيەر ئاپام مەڭزىمگە،
زوقى بىلەن شاد كۈلۈپ.

## ئاپام ۋە مەن

ئاپام مېنى تۇغقاچقا،
مەن ئاپامنىڭ بالىسى.
دەيدۇ مېنى جان ئاپام،
يۈرىكىمنىڭ پارىسى.
مەنمۇ دەيمەن ئاپامنى،
جۇپ كۆزۈمنىڭ قارىسى.
ئىش بۇيرۇسا ئىشلەيمەن،
قالمايدۇ ھېچ چالىسى.

## تەربىيىچى ئانىلار

تەربىيىچى ئانىلار،
سىزگە ئامراق بالىلار.

سىز بولغاچقا خاتىرجەم،
بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلار.

كىرگەندۇق يەسلىگە،
چىقماي تۇرۇپ تىلىمىز.
ئەمدى چىقتى تىلىمىز،
ناخشا ئېيتىپ كۈلىمىز.

ماڭساق ئەتە مەكتەپكە،
قىيماس سىزدىن كۆزىمىز.
ئوقۇپ بولماق ئىزباسار،
بىزنىڭ يۈرەك سۆزىمىز.

1984 - يىل



# جەنۇب تەسىراتلىرىدىن تامچىلار

## جەنۇب يوللىرى

### 1

سوزۇلغان بۇ يوللار ئۇزاق - ئۇزاققا،
تارقىلىپ ھەريانغا كۈمۈش لېنتىدەك.
شەھەرنى شەھەرگە چاتار ھەربىرى،
كۆڭۈلنى كۆڭۈلگە چاتقان رىشتىدەك.

ۋە ياكى تەندىكى تومۇر ھەربىرى،
پۈتۈلگەن ئۇلۇغۋار ھاياتلىق مېھرى.
ئۇ بىلەن نۇرلىنىپ ھەسەن - ھۈسەندەك،
گۈل ئاچار ھەر ئۆتەك، ھەر شەھەر چېھرى.

قاتمۇ قات تاغلارنىڭ جىلغىلىرىدا،
ياسىغان بۇ يوللار سانسىز قونالغۇ.

چىللايدۇ پايانسىز چۆلدىمۇ چايغا،
بۇ يولنى ياقىلاپ چۈشكەن تۇرالغۇ.

سۈكۈنات ئۇيقۇسى يات بۇ يوللارغا،
ماتورلار ئۈنىدىن كۈنۇ تۈن ئويغاق.
شۇ ئاۋاز كۈندۈزنى ئۇلىسا كەچكە،
چىراغلار كېچىنى قوغلايدۇ يىراق.

رول تۇتار ئوغلانلار جەۋلانگاھى بۇ.
غۇيۇلداپ بارىدۇ چاقلار ئىز بېسىپ.
تاڭ قالماس يوللارنىڭ ئۇزاقلىقىغا،
ئۆتۈشەر يوللارنى بىرمۇ بىر بېسىپ.

2

بۇ يوللار ئارىلاپ كەزدىم مەن تالاي،
ھەرنۆۋەت قەلبىمدە يېڭى تەسرات.
ئەجدادلار ئىزىنى كۆرىمەن بۇندىن،
تەپەككۇر قۇشلىرىم قاقىدۇ قانات.

نەبولغاي ئۇچاغلار بۇ داغدام يوللار،
ياتىدۇ دېڭىزدەك بىپايان قۇملۇق.
سۇرۇلگەن خىيالدىك غۇۋا ۋەتۇتۇق،
تۇمانلىق دالاغا تۇتاشقان ئۇپۇق.

بارخانلار تاتمۇ قات دولقۇن مىسالى،
كېلىدۇ كېمىدەك تۆگە كارۋىنى.
كولدۇما ئۇنىدىن تىترەيدۇ ھەريان،
تارقىتىپ جاھانغا كارۋان ئاھىنى.

قۇيۇنلار ئاسمانغا قۇرىدۇ تۇۋرۇك-
زەبەردەس بەستىدىن ۋەھىمە سېلىپ.
پارقىرار سۆڭەكتەك قاقشال سۆكسۆكلار،
قۇرۇيسەن بىزلەردەك دېگەندەك قىلىپ.

كارۋانغا يات ھامان يانماق كەينىگە،
بىر ئىزدا تۇرماقمۇ ۋەھىمە ئاندىن.
ئوخشار ئۇ ساھىلغا ماڭغان كېمىگە،
ساھىلغا يەتمەستىن يوق ئۈمىد جاندىن.

ئىز بېسىپ كارۋانلار چىقتى ساھىلغا.
ئىزلىرى نۇر چېچىپ قالدى چۆل-دەشتتە.
ئۇلىدى مەغرىبنى مەشرىققە تولۇق،
يالقۇنلۇق شۇ ئىزلار بولۇپ چىڭ رىشتە.

ئۈزۈلمەس شۇ رىشتە بويلاپ جاھانغا،
نۇرچاچتى ئاجايىپ بىر ھۈنەر-سەنئەت.
ئۇ شۇنداق سەنئەتكى، ئۇندا مۇجەسسەم،
پەقەتلا شەرققە مۇناسىپ خىسلەت.

شۇ خىسلەت تۇپەيلى جاھان بازىرى
ئۆزگىچە قىممەتتە تاپتى ئىتىبار.
ماختالدى ھەربىر مال،
پەقەت شۇ يولدىن
يېگى بىر ناخشىغا ئېرىشتى بازار.

بۇ ناخشا ئەۋجىگە بولدى كەرەشمە،
يەكەننىڭ ئەتلىسى، خوتەن زىلچىسى.
تونۇلدى ھۈنەردە مەشھۇر پىر ئۇستاز،
قەشقەرنىڭ زەرگەر ماھىر ئۇستىسى.

ياڭرىتىپ ئەنە شۇ ناخشىنى خۇشال،
يول ئالدى شەرققە تالاي سودىگەر.
سودىسى ئۆزلۈكسىز تاپتى بەرىكەت،
پايدىسى ھەسسىلەپ ئېشىپ ھەرسەپەر.

تىنىمسىز ياڭرىغان كولدۇما ئۈنى،
سىردىشى بوپ قالدى چۆللەر قوينىنىڭ.
مەغرىبنى مەشرىققە ئۇلىغان بۇ يول،
تەڭگۈنى بوپ قالدى يىپەك يولىنىڭ.

3

كېلىمەن بۇ يوللار ئارىلاپ بۈگۈن،
قەلبىمدە بىھىساب غۇرۇر، ئىپتىخار.

ئاچىدۇ قويىنىنى مېھرلىك كۈلۈپ،
ھۈنەر ۋە سەنئەتنىڭ كانى ھۆر دىيار.

ھەر ئۆتەك بىر بازار، ئاۋات ھەر شەھەر،
كېلىدۇ گۈپۈلدەپ كاۋاپنىڭ ھىدى.
رەڭگارەڭ ماللارغا تولغان رەستىلەر
ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ھەربىرى.

غوزىدىن يىپ ئالغان ئاقىل ئەجدادنىڭ
كۈلكىسى نامايان ئەتلەس ھۆسنىدە.
گىلەملەر باھارنى قۇچاقلىغاندەك،
رەڭمۇرەڭ گۈل ئاچقان نازۇك كۆكسىدە.

قاشتېشى سۈبھىدەك يالتىراپ، چاقناپ،
تارتىدۇ ئۆزىگە دىللار مەيلىنى.
تۇرسا ئۇ جانانىڭ تەبەسسۇمىدەك،
كىم خۇمار ئەيلىمەسۇن ھېقىق، لەئلىنى.

سەككاكىنىڭ قولىدا ئىشلەنگەن پىچاق،
چېقىلغان چاقماقتەك تۇرار يالتىراپ.
زەرگەرلەر ئىشلىگەن ئالتۇن زىرىگە
ئاي خۇمار بولغۇسى گۈزەللىك سوراپ.

دوپپىچى قۇچىقى لىق چىمەن دوپپا،
سەن كۆرۈپ ئەسلە، سەن بىر تۈپ سىرنىنى.

ۋە بەلكى ئەستەرسەن سەن بولۇپ پەرھاد،
كۆرمەكنى شۇ دوپپا بىلەن شىرىننى.

ئايلاندىم شۇ يوللار بويلاپ تىنىمسىز،
ھەريەردە ئاشۇ ھال، ئاشۇ كۆرۈنۈش.
ئېلىشار خېرىدار بەس - بەستە سېتىپ،
قەلبىمدە جۇش ئۇرۇپ چەكسىز سۆيۈنۈش.

ئۈزۈلمەس خېرىدار، ئۈزۈلمەس سودا،
ئۈزۈلمەس ماللارنىڭ مەنبەسى ھەرگىز.
توختىماس كاسىپلار قولى ھۈنەردىن،
ئەجدادلار ئىشلىرى ئىشىغا ئەندىز.

شۇ ئەندىز ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۆدۈم،
مۇجەسسەم ئۇنىڭدا بىر بۈيۈك تارىخ.
يارالدى بۇ تارىخ ئىجاد، سەنئەتتىن،
تۆھپە بۇ يۇرتۇمدىن جاھانغا تالىق.

بۈگۈنكى بۇ يېڭى ئاتوم دەۋرىدە
تاپماقتا يۇرتىمىز تېخىمۇ كامال.
قىلىدۇ نامايان ئۆز ئىجادىنى،
قىلدۇرۇپ جاھاننى ھەيرانۇ ۋەلال.

خالۋاپلار بەس - بەستە توقۇشار تىنماي،
قاپلاشقا جاھاننى زىلچىسى بىلەن.

ئەتىلەر بىزەشكە توقۇمىچى قىز،
پايانسىز ئاسماننى ئەتلەسى بىلەن.

تاراشچى تاراشلاپ قاشتاشلىرىنى،
يۇلتۇزغا باراۋەر قىلماق بولىدۇ.
بىر كىچىك دوپپىغا دوپپا تىككۈچى،
باھارنى كەشتىلەپ چىقماق بولىدۇ.

گۈزەللەر ھۆسنىگە قوشماققا ھۆسن.
نەپىسلىك ئۈستىدە ئىشلەيدۇ زەرگار.
دەيدۇ ئۇ بىزەكسىز قالمىسۇن ھېچكىم،
خېنىملار تېخىمۇ بولسۇن جەزبىدار.

× ×

پاك نىيەت، ھالال ئىش تاپتى ئېتىبار
تارىخنى ئۇلىدۇق ئىجاد، ئەمگەكتىن.
بۇ جەنۇب يوللىرى ئاگا سىمۋول،
ئۇل سالدۇق ئۇنىڭغا زىلچە، يىپەكتىن.

دەيمىزكى شۇ قەدىم يىپەك يولى بۇ،
تارىختا سىلىنغان دوستلۇق ئۇلى بۇ.
شۇ يولدىن ئۇلانغان مەغرىبكە مەشرىق،
خەلقىمىزنىڭ ئەبەدىلىك چىن غۇرۇرى بۇ.

خەلقىمىز بۇ يولنى قىلىپ جەۋلانگاھ
قىلدۇ بۇرچىنى مەڭگۈگە ئادا.
پۈتىلەر تۆھپىمىز ئالتۇن ھەل بىلەن،
كۈن، ئايلار، شاھىتتۇر، زامانە ھەغدا.

## يۇلغۇنغا مەدھىيە

چۆل كېزىپ چۈشسە كۆزۈم ھەردەم ساڭا،
جۇش ئۇرار قەلبىمدە چەكسىز ئىپتىخار.
سەن ھاياتلىقنىڭ بۈيۈك تەنتەنىسى
جىسمى ـ ھۆسنۈڭدە نۇرانە جىلۋە بار.

ھېچ ھاياتلىقنى راۋا كۆرمەيتتى چۆل،
قۇرۇتۇپ ئەيلەر ئىدى قاقشالۇكۇل.
سەن ئورۇن ئالدىڭ ئۈنگەندىن جان تىكىپ،
قىلمىدىڭ رايىغا قىلچە ئېتىبار.

ئىزلىمەي ئەسلا نىجات چۆل بەھرىدىن،
سۇ ئىچىپ ئۆستۈڭ تىرەن يەر قەھرىدىن.
شاخلىدىڭ ئەركىن ـ ئازادە بىخ سۈرۈپ،
ھەم كۆپەيدىڭ سەپ تۈزۈپ قاتار ـ قاتار.

شاخلىرىڭ ئۆستى سېنىڭ قۇچاقلىشىپ،
خۇددى بىر گەۋدە بولۇپ ئورتاقلىشىپ.

زىچلىقى ئوخشار تۇرۇلگەن مۇشتقىلا،
بەردى شۇ زىچلىق ساڭا چەكسىز مادار.

سەن بىلەن دەھشەت بوران ئېلىشتى كۆپ،
قەددى تاغ ھەيۋەت قۇيۇن چېلىشتى كۆپ.
بۇلجىتالماي دېدى: بۇ جەڭگاھ ئارا،
بەل پۈكەردى بولسىمۇ ھەتتا چىنار.

قويمىدى لېكىن كۆرەشنى توختىتىپ،
كۆمدى قۇمغا چىرىسۇن دەپ تۇنجۇقۇپ.
سەن ئۆسۈپ باردىڭ ھامان قۇمنى سۈرۈپ،
بولدى ئورنۇڭ يۈكسىلىپ خۇددى مۇنار.

كەلمىدى كارغا بوراننىڭ ھەيۋىسى،
تەنتەنە قىلدى جەسۇرلۇق غەلىبىسى.
چۆلگە سەن بولدۇڭ ھاياتلىق ئەلچىسى،
بولغۇسى بۇ چۆلمۇ ئەمدى لالىزار.

## قۇراق

چۆلگە تۇتاش خىلۋەت يېزىدا
بولدۇم مېھمان بىر ئائىلىدە.
كۈتۈپ ئالدى ساھىبخان مېنى،
زەپ يېقىملىق مۇئامىلىدە.

بولدى قۇراق كۆرپە سېلىنجا،
جەينەكلىدىم قۇراق ياستۇققا.
هاياجانغا كەلتۈردى بۇ هال،
ئۈچتى پىكرىم ئۇزاق ـ ئۇزاققا.

× ×

بالا ئىدىم بىر چاغلاردا مەن،
نامراتلىقتا ئۆتەتتى كۈنلەر.
قۇراق قۇراپ هەرخىل پۈرۈچتىن،
ئۇخلىمايتتى ئانام كۆپ تۈنلەر.

قولىرىدا تاپاتتى ئۇنىڭ
تىرناقچىلىك پۈرۈچمۇ قىممەت.
قىزىلى گۈل، يېشىلى ياپراق،
كۆكى غول بوپ قىلاتتى خىزمەت.

ئاشۇ گۈللەر بىرلىشىپ ئاخىر
ئالار ئىدى گۈلزار تۈسىنى.
تىكىپ يوتقان ئۇنىڭدىن ئانام،
داشۆگىمۇ ئۇزاتقان مېنى.
......
......

نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ ئارىدىن،
كۆردۈم شۇنداق قۇراقنى بۇندا.
ئۆتتى ئانام كۆزۈم ئالدىدىن،
بىر ئوي كەچتى دىلىمدىن شۇندا:

كۆرۈپ ئۇنى تۇرالماس ھەركىم،
بۇ ھەقىقىي سەنئەت دېمەستىن.

بولدى بەرپا بىلسەڭ بۇ سەنئەت،
دەسمايىسىز ئىشلەش تېجەشتىن.
تۇرمۇشنى ئوڭلاش كويىدا،
بۇ، ئەجدادلار قىلغان ئىختىرا.
گۈزەللىك ھەم پاراۋانلىقتا،
بولغان ئارزۇ مۇجەسسەم بۇندا.

1987 - يىل 5 - ئاي، خوتەن - قەشقەر.



# ناخشا تيكىستلىرى

## سازچىمەن — سازەندىمەن

سازچىمەن — سازەندىمەن سازىمغا بۇلبۇل تەلپۈنەر
كۈيلىرىم پۈتمەس بۇلاق، ناخشام كەرەشمە-جىلۋىگەر.
كۈيلىسەم سازىم چېلىپ ھۆر-ئازاد دەۋرىمنى مەن،
تەۋرىنىپ باغلاردا گۈل، تاغلار تەبەسسۇم ئەيلىشەر.

ساز چېلىپ ئۆتمۈشتىمۇ ئۈزدۈم تالايلاپ تارىنى،
كۆز يېشىم پۈتكەن قۇرۇپ زارلاپ زامانىنىڭ زارىنى.
بۇ يېڭى دەۋران ئارا تاپتى كۆڭۈل ۋىسالىنى،
باغرى قان بۇلبۇل گويا تاپتى مۇراد قۇتلۇق سەھەر.

مۆتىۋەر دەيمۇ سېنى، دەيمەن قويۇق بىگانىمەن،
قوللىرىم كۆكسۈمدىدۇر، خەلقىم ئۈچۈن پەگاھدىمەن.
ئىپتىخارىم شۇ مېنىڭ زوق بەرسە ئەلگە كۈيلىرىم،
ئارمىنىم يوق بىر ئۆمۈر كۈيلەش بىلەن ئۆتسەم ئەگەر.

1985 - يىل

# قەلبىم ناخشا خۇشتارى

مەن ئوت يۈرەك ناخشىچى،
ناخشا بىلەن تۇغۇلدۇم.
دىلىم سۆيگەن قاتارغا
ناخشا بىلەن قوشۇلدۇم.

سىڭگەن ھەربىر ناخشامغا،
ئۇلۇغ دەۋرىم ساداسى.
شۇڭا ياڭراق ئاۋازىم،
قەلبىم ناخشا دەرياسى.

بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ،
شاد ناخشامنى ياڭراتسام.
قەلبىم ھامان يايرايدۇ،
ئەل قەلبىنى يايراتسام.

نەقرات: قەلبىم ناخشا خۇشتارى،
ناخشا قەلبىم ئىزھارى.

1985 - يىل

# هېيت تەنتەنىسى

## 1

هېيت بۈگۈن — بايرام بۈگۈن،
ئەل شادلىقى قاينام بۈگۈن.
ياڭرايدۇ ناغرا كۈيلىرى
كۆكنى يېرىپ ھەريان بۈگۈن.

ساپ ھاۋا سالقىن سابا،
قاينايدۇ ھەرياندا ساما.

ھەممە خۇشاللىق ئىلكىدە،
لەۋلەر تەبەسسۇم كۈلكىدە.
ھېيت ئەھلى ھېيتلاپ ئۆزئارا،
چۆمدى ئىناقلىق مېھرىگە.

ساپ ھاۋا، سالقىن سابا،
ياڭرايدۇ شاد نەغمە ـ ناۋا.

# 2

مېھمانلارغا يېيىلغان،
ھەر ئۆيدە مول داستىخان.
زوق قوزغايدۇ مەزەلەر
لەززىتىدىن يايرار جان.

مېھماندوستلۇق بىز ئۈچۈن،
مەڭگۈ ئۆچمەس ئەنئەنە.
ئۈندەيدۇ باي تۇرمۇشقا،
ھەر ھېيتتىكى تەنتەنە.

1986 - يىل

# بۇلبۇل

باھارغا ئاشنا بۇلبۇل،
چىمەنگە مەھلىيا بۇلبۇل.
ئاۋازىڭ بارچە سازدىن ساز،
ۋۇجۇدۇڭ كۆي - ناۋا بۇلبۇل.

ناۋا قىلساڭ سەھەر - ئاخشام،
كۆلەرشاد جانلىنىپ باغلار.
بېرەر زوق دىلغا شادلىقتىن،
ئاۋازىڭ ياڭرىغان چاغلار.

سۆيەر جاندىن سېنى ھەردەم،
گۈزەللىك ئاشىقى ھەرجان.
كۆڭۈل يايراپ سۆيۈنسۇن جان،
ھامان سايرا قىلىپ خەندان.

1986 - يىل

# گۈل باغ

كوللىكتىپ: گۈل باغەي، گۈل باغ،
باغنىڭ گۈللىرى ھەر خىل.
ئەرلەر: رەيھان، ئەتىر، چۈغلۇق، سەبدە،
بىر - بىرىدىن سەر خىل،

قىزلار: گۈل باغەي، گۈل باغ،
گۈل باغ تارتىدۇ كۆزنى.
ئەرلەر: گۈل باغ ئىشقى، گۈللەر رىشتى،
چىڭ باغلىدى بىزنى.

كوللىكتىپ: گۈل باغەي، گۈل باغ،
گۈل باغ تولدۇر بىزدە.
قىزلار: باغقا كېلىڭ، گۈللەر ئېلىڭ
بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە،

كوللىكتىپ: گۈل باغەي، گۈل باغ،
گۈللەر مەھلىيا بىزگە.

ئەرلەر: سىزنىڭ كۆزىڭىز بىزدە بولسا
بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە.

قىزلار: گۈل باغەي، گۈل باغ،
گۈل پاياندار سىزگە.
ئەرلەر: گۈل پەسلىدەك كۆركەم ياشلىق
مەڭگۈ باھار بىزگە.

كوللېكتىپ: گۈل باغەي، گۈل باغ،
گۈل باغ تارتىدۇ كۆزنى.
گۈل باغ ئىشقى، گۈللەر رىشتى
چىڭ باغلىدى بىزنى.

1985 - يىل



# تاك شاملى

تاك شاملى، سەن تاڭنىڭ
ئەركىسىمۇ، ئەلچىسى؟
باشلىنىدۇ سەن بىلەن
يېڭى كۈننىڭ مەرىكىسى.

ئۆتسەڭ سۆيۈپ مەڭزىنى
يايرىمىسۇن قايسى جان.
گۈلگە جىلۋە بەرگەچ سەن،
بولدى بۇلبۇل غەزەلخان.

1985 - يىل

# گۈزەل ئىلى بويلىرى

گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن
گۈزەل ئىلى بويلىرى.
جاراڭلايدۇ قوينۇڭدا،
بۇلبۇل، كاككۇك كۈيلىرى.

هايات قايناق كۆكسۈڭدە،
نۇر چاقنايدۇ ھۆسنۈڭدە.
ئەلنىڭ بەختى كۈي بولۇپ،
ياڭرار دائىم ئۈستۈڭدە.

تاشتىن - تاشقا سەكرىشىپ،
ئاقار سۈزۈك سۇلىرىڭ.
تۇتاشتۇرار باغلارغا
گۈل - چېچەكلىك يوللىرىڭ.

ئېتىزلىرىڭ كەشتىدەك،
خۇددى زۇمرەت تاغلىرىڭ.
چىللار ئەلنى سەيلىگە،
ئالمىزارلىق باغلىرىڭ.

1987 - يىل

# قوغۇن پىشتى

قوغۇن تېرىسام توزگە.
بەس - بەستە پىلەك تارتتى.
زۇمرەتتەك پىلەكلەردە
ئالتۇن رەڭ چېچەك ئاچتى.

سىڭگەن قان بولۇپ ئەجرىم،
بۇ ئالتۇن چېچەكلەرگە.
چىرماشقان يۈرەك رىشتىم،
ھەر بىر شۇڭ، پىلەكلەرگە.

ئۇسسىسا سۇغاردىم مەن،
سۇ ئەمەس كۆمۈش تەردە.
پىشتى قوغۇنۇم قەنتتەك،
زوق قوزغاپ يۈرەكلەردە.

قوغۇنچى مېنىڭ نامىم،
ئەل - يۇرت مېنىڭ مېھمانىم.
كەل، لەززەتىنى تېتىپ كەت،
يايرىسۇن يۈرەك - جانىڭ.

1986 - يىل

# ئورما ناخشىسى

ئورما ئورسەن كۈندە
توختىماي سەھەر - ئاخشام.
زوق بېرەر كۆڭۈللەرگە،
يالقۇنلۇق سېنىڭ ناخشاڭ.

ناخشاڭنىڭ مۇڭى بىلەن،
مەن كەلدىم سېنى ئىزلەپ.
ئالتۇن داننى چەشلەپسەن،
يەڭ تۈرۈپ راسا ئىشلەپ.

مەرۋايىتتەك چاقنايدۇ،
ماڭلىيىڭدا تەر - ئۈنچە.
هالال مېهنەت ئەجرىڭدىن،
سۆيۈندى يۈرەك شۇنچە.

1987 - يىل

# قارلىغاچ

باھارنىڭ ئەلچىسى قارلىغاچ،
جاھاننىڭ ئەركىسى قارلىغاچ.
كۆڭۈلنى ئەيلىدى مەپتۇن
كۈيىگىنىڭ ئەۋجىسى قارلىغاچ.

قىلىپ پەرۋاز ئېگىز كۆكتە،
ئۇچارسەن شوخلىنىپ ھەريان.
بېرەر زوق دىلغا جەۋلانىڭ
نازاكەت پەرىسى قارلىغاچ.

قىلىپ پەرۋاز ئېگىز ئۆرلە،
باھارىم پەيزىنى كۈيلە.
باھار سۆيگەن ئۇلۇغ ئەلنىڭ،
ۋاپا پەرۋانىسى قارلىغاچ.

1985 - يىل

# ئارخېئولوگ ناخشىسى

نىگارىمدىن يىراقتا مەن،
دىلىم سۆيگەن پىراقتا مەن.
ئىز ئىزلەيمەن، ئەجدادلىرىم
ياشاپ ئۆتكەن تۇپراقتا مەن.

ئۇرسا بوران، كۆچسە قۇملار،
دېمە كۆپكەن مۇشەققەتنى.
بېغىشلار كۈچ ۋۇجۇدۇمغا،
ئەجدادلارنىڭ مۇھەببىتى.

مېنى سەندىن سورىسا كىم،
چۆلدە ئەمەس يولدا دېگىن.
تۇتاشتۇرار ئەسىرلەرنى،
مېنىڭ يارىم ئۇندا دېگىن.

يىل - 1986

# گۈلچى قىزغا

تۈستۈرۈپسەن باغدا گۈل،
تۈرلۈك - تۈمەن خىل،
سەيلە قىلدىم بىغەمگىنى،
مەپتۇن بولدى دىل.

ئەكس ئەتتى رۇخسارىڭ،
ھەر گۈل بەرگىدىن.
كۆردۈم زىلۋا بوييۇڭنى،
ھەر گۈل قەددىدىن.

گۈل غۇنچىسى قامىتىڭ
كۈلكەڭ چىچىكى.
بولدى بولماق بۇلبۇلۇڭ،
قەلبىم ئىستىكى.

1986 - يىل

# قوغۇنچى

كۆلسە ئېچىلىپ گۈللەر،
كۆكلەم زىننىتى دەيمەن.
پىشسا مېۋىلەر باغدا
يازنىڭ لەززىتى دەيمەن.

كۆكلەم پەسلىدە ئىشلەپ،
قوغۇن تېرىدىم بوزغا.
قوزغاپ زوقىنى ئەلنىڭ،
پىشتى ئۇلگۇرۇپ يازغا.

رەڭدار كۆكچىسى زۇمرەت،
ئەيلەر مەھلىيا دىلنى.
پىشقان ھەربىرى قەنتتەك
تەمى يارىدۇ تىلنى.

دوستۇم سەيلىتىپ بۇندا،
يازنىڭ پەيزىنى سۈرگىن.
ئەمگەك ئەجرىدىن كەلگەن،
لەززەت بەھرىنى كۆرگىن.

1985 - يىل

# سىڭگدەك ياخشى يار يوقتۇر

سىنىڭدەك گۈل ئۇزار بارمۇ؟
سىنىڭدەك دىل خۇمار بارمۇ؟
دىلىمنى ئەيلىدىڭ مەپتۇن
مېنىڭدەك ئىنتىزار بارمۇ؟

مېنىڭدەك ئىنتىزار بارمۇ؟
سىنىڭدەك غەمگۇزار بارمۇ؟

مۇھەببەت بېغىدا ئۆسكەن،
بويۇڭ غۇنچە، ئۆزۈڭ بىر گۈل.
ۋىسالىڭ كويىدا ھەر تۈن،
تۆكۈرمەن كۆي، بولۇپ بۇلبۇل.

تۆكەرمەن كۆي بولۇپ بۇلبۇل،
كۆيۈمدىن تولغىنار سۇمبۇل.

ۋىسال جامىغدا مەي ئىچتىم
مېنىڭدەك بەختىيار بارمۇ؟
يۈلەكتۇر يارغا يار تاغدەك،
ئۇنىڭدەك ئىپتىخار بارمۇ؟

مېنىڭدەك بەختىيار بارمۇ؟
سېنىڭدەك گۈل نىگار بارمۇ؟

1987 - يىل



# سۆيگۈ قۇشقى

مېنى مەپتۇن ئەيلىگەن،
گۈل سۈپەت جامالىڭدۇر.
تالى مەجنۇن قەددىدەك
قامىتى كامالىڭدۇر.

ئاقتىم سۆيگۈ سۈيىدە،
كىردىم ئىشقى چۆلىگە.
قۇتقۇزغۇچى ھىجراندىن،
چىن ئىشقى ۋىسالىڭدۇر.

ھامان ھىجران تۈنىنى،
ۋەسل تېڭى يورۇتار.
جاپا قىلماي قىل ۋاپا،
قەلبىم شەمگۈزارىڭدۇر.

1986 - يىل

# گۈل يار

گۈل يار،
گۈل يار،
مەڭزىڭ ئانار،
قەلبىڭ باھار،
قەلبىڭ تەپتىدىن،
ئىشقىڭ ۋەسلىدىن
تاپتىم ئېتىبار.

قەلبىم تەكتى،
شاھلىق تەختى،
شاھسۇۋارىم سەن،
سەرۋى نىھالىم،
بەختۇ ئىقبالىم،
دىل ئارامىم سەن،
تەندە جانىم سەن.

گۈل يار،
گۈل يار،
مەڭزىڭ ئانار،
قەددىڭ چىنار.

1987 - يىل

# دەرد ئەيلىمە

غازاڭ بولغان باغلاردا
بۇلبۇل قانداق سايرىغاي،
كەلسە باشقا جۇدالىق،
يۈرەك قانداق پايلىغاي.

ئۈزۈپ سۆيگۈ رىشتىنى،
كەتتىڭ مەندىن ئۇزاققا.
قالدىم دەردتە مۇڭلىنىپ
چۈشكەن قۇشتەك تۇزاققا.

ئۆلمەي تىرىك ئايرىلماق،
ئاشىق ئۈچۈن راۋامۇ؟
ۋاپا ئەيلەپ دەرد چەكتىم،
دەردىم ساڭا داۋامۇ؟

نەقرات: دەرد ئەيلىمە، قىل ۋاپا،
قەلبىم ساڭا مۇپتىلا.

1987 - يىل

# يۇرتۇم

ئاتادەك مېھرىبان يۇرتۇم،
ئانادەك غەمگۇزار يۇرتۇم.
مېنى قوينۇڭدا ئۆستۈردۈڭ،
قىلىپ ئىرپانغا يار يۇرتۇم.

سېنىڭ مېھرىڭنى ئاقلاشقا،
شەھەرگە ئۈزۈلدۈم سەندىن.
خىيالىڭ ھەرقاچان ھەمراھ،
يىراق كەتمەس ھىدىڭ مەندىن.

تىكىلسەم تۈندە ئاسمانغا
كېلەر ئالدىمغا رۇخسارىڭ.
قاتارمەن سېنى ناخشامغا
بولۇپ ھەردەم غەزەلخانىڭ.

ساداقەت بابىدا ھەرچاغ
دىلىم سۆيگەن نىگارىم سەن.
ۋۇجۇدۇمدا ئاقار مېھرىڭ،
ئۆمۈرلۈك ئىپتىخارىم سەن،

1987 – يىل

# تۇمەن دەرياسى

خۇشاللىق تولدى قەلبىمگە
تۇمەن دەريا ناۋاسىدىن.
كېلەر ئويناپ، ياساپ دولقۇن
گۈزەل باغلار ئاراسىدىن.

ئۇنىڭ شىرىن سۈيى شەربەت،
بېرەر جانغا ھۇزۇر، لەززەت.
ھاياتلىق تاپتى چۆل - دەشتلەر،
ئېلىپ ئۇندىن مادار، قۇۋۋەت.

تۈگىمەس مەڭگۈ ئاققانغا،
تۇمەن دەريا سۈيى ھەرگىز.
ئاقار شاۋقۇن سېلىپ مەڭگۈ،
تۈگىمەس شاد كۈيى ھەرگىز.

نەقرات: ئاقار ئويناپ تۇمەن مەڭگۈ،
بولۇپ باغرى چىمەن مەڭگۈ.

1987 - يىل

# بىر كۆرۈپ

بىر كۆرۈپ كۆڭلۈمدە قالدىڭىز،
بىر كۈلۈپ جېنىمنى ئالدىڭىز.
كەرەشمە ئىلكىدە بىر قاراپ،
تۈگىمەس سەۋداغا سالدىڭىز.

قەددىڭىز گۈلزارنىڭ گۈلىمۇ؟
ھۆسنىڭىز گۈزەل تاڭ نۇرىمۇ؟
كۆزىڭىز بۇلاقنىڭ سىماسى،
ئۆزىڭىز جەننەتنىڭ ھۇرىمۇ؟

1987 - يىل

# سۆيەر بولساڭ

ۋەتەندۇر بارچە ئىنساننىڭ غۇرۇرى، ئىپتىخار - پەخرى
ۋەتەنسىز بولمىغاي ھەرگىز كىشىنىڭ ئېتىبار - قەدرى.

ئانادەك غەمگۇزار يوقتۇر، ئاتادەك جان كۆيەر مەشھۇر،
ۋەتەندۇر بارچىغا غەمخور، باھاسىزدۇر ئۇنىڭ مېھرى.

سۆيەر بولساڭ ۋەتەننى سۆي، ۋەتەندە ئۆستى يارىڭمۇ،
كۆرۈپ مەردانە يارنى يار ئېچۇن نۇرلانمىسۇن چېھرى.

1985 - يىل

## ياشلىق ئالبومى

مېنى بىر گۈل قىلار مەپتۇن،
خاتىرەمدە ھەرقاچان.
كۆزۈم ئالدىغا،
پىكرى يادىمغا
قىلىپ ياشلىق چاغلارنى ئايان.

ھەر كۆڭۈلنىڭ باھارى بار،
ياشلىق ئۆمۈر زىننىتى.
شۇ گۈل،
شۇ قىزىلگۈل
ياشلىق نېمىتى،
بار ئۇنىڭدا ئۆمرۈم قىممىتى.

1986 - يىل

# تېنىڭدە زەررە كۈچ بولسا

بۇ دەۋران ھىممىتى شولدۇر
ئوچۇقتۇر يول ئىجادكارغا.
تۇرۇپ يەڭ چۈشىسە كىم ئىشقا،
ئىگە ھەردەم نىجاتكارغا.

يىگى تۆھپە ياراتقانىنىڭ،
ئىلىم ـ ھېكمەت تاراتقانىنىڭ.
تاقالغاي كۆكسىگە گۈللەر
بولۇپ كۆركى شەرەپ ـ شانىنىڭ.

ياراتقاي ھەركىشى تارىخ،
ھامان ئۆز قۇربىگە لايىق.
بېغىشلا زەررە كۈچ بولسا،
ۋەتەن ـ ئەلگە بولۇپ سادىق.

1985 ـ يىل

## گەر گۈزەللىك ئىزلىسەڭ

كىم سۆيمەس گۈزەللىكنى،
دىل گۈزەللىك شەيداسى.
گۈزەللىكتە نامايان
چىن بەختىنىڭ مەناسى.

بۇلبۇل سۆيگەچ چىمەننى،
تاپتى لەزىز خۇش ناۋا.
باغۋەن ئۇرنى باغ ھامان
ياردۇر ئاڭا ساپ ھاۋا.

گەر گۈزەللىك ئىزلىسەڭ،
گۈزەللىككە بول شەيدا.
باغلار ياسا باغۋەندەك،
بول بۇلبۇلدەك خۇش ناۋا.

# ئوقۇتقۇچىمەن

مەكتىپىمىز گويا گۈل چىمەن،
ئىلىم - پەننىڭ نۇرىدا كۈلگەن.
مەن بەختلىك ئوقۇتقۇچىمەن،
ياش ئەۋلادلار قەلبىدىن سۆيگەن.

بەردى ماڭا ئۇلۇغ زامانەم
ئالىي ھۆرمەت، يۈكسەك شەرەپ - شان.
يورۇتىمەن خۇددى نۇر بولۇپ
ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ھامان.

بەختىيارمەن، چەكسىز خۇشالمەن،
مېۋە بەرسەم ۋەتەنگە - ئەلگە.
ئەۋلادلىرىم ئۈزۈلمەس ئەبەد،
ماڭار ئۆرلەپ يۈكسەككە پەللىگە.

1987 - يىل

## ناخشا مېنىڭ ھاياتىم

ناخشا بىلەن تۇغۇلدۇم،
ناخشا مېنىڭ ھاياتىم.
ناخشا بىلەن ياشايمەن،
ناخشا مېنىڭ قاناتىم.

ئەم بىر سەن ھاياتقا،
ناخشا بىلەن ھەرقاچان.
ناخشا بىلەن ئاشىمەن،
سەپەرلەردە تاغ ـ داۋان.

ناخشام بىلەن خەلقىمنىڭ،
يۈرەك ـ باغرى يايرايدۇ.
باغدا گۈللەر ئېچىلىپ،
بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ.

1987 - يىل

# تولۇن ئاي

ئەي تولۇن ئاي، تولۇن ئاي،
سەن نېمانچە خۇش چىراي.
يورۇتۇپ تۈن قوينىنى
نۇر چاچىسەن توختىماي.

سەن كېچىلىك سامانىڭ،
چىرىغىمۇ، شامىمۇ؟
ياكى تۈندە سەيلىگە،
چىققان ئاسمان شاھىمۇ؟

سامانيولى پاياندار
سەيلىگاھىڭ ئالدىدا.
تەزىم قىلار يۇلتۇزلار
مەنزىلگاھىڭ ئالدىدا.

سىگەر سېنىڭ نۇرلىرىڭ
تاڭ ئەلچىسى سۇبھىگە.
بېغىشلايسەن گۈزەللىك،
گۈل ھاياتىنىڭ ھۆسنىگە.

1985 ـ يىل

# يار گۈزەل

گۈلنى گۈزەل كۆرسەتكەن
جىسمىدىكى خۇش پۇراق.
يارنى گۈزەل كۆرسەتكەن
ئاڭا بولغان ئىشتىياق.

يار گۈزەل، يارىم گۈزەل،
يار ئىشقىدا ئېيتتىم غەزەل.

چېلىنماس راۋاپ تارسىز،
ئۆتمەيدۇ ئۆمۈر يارسىز.
چىن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ،
قىش كۆرمەس دىلى ھەرگىز.

يار گۈزەل، يارىم گۈزەل،
يار ئىشقىدا ئېيتتىم غەزەل.

بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ
گۈل پەسلىگە يەتكەندە.
كۆڭۈل خۇشال يايرايدۇ
يار ۋەسلىگە يەتكەندە.

يار گۈزەل، يارىم گۈزەل،
يار ئىشقىدا ئېيتتىم غەزەل.

1987 - يىل



# خەلقىم

گۈزەل بەختىنىڭ مەناسى خەلقىم،
دەۋر - دەۋرانىنىڭ داناسى خەلقىم.
قوينۇڭدا ئۆستۈم گۈل سۈپەت يايراپ
كۆكلەم باھارنىڭ بەرناسى خەلقىم.

سېنىڭ رايىڭسىز كۈلمەس باغدا گۈل،
سېنىڭ رايىڭسىز سايرىماس بۇلبۇل.
ھەممە ئىلكىڭدە قىلىدۇ جەۋلان،
خۇش تەبئەتنىڭ جۇلاسى خەلقىم.

دەۋر - دەۋرانىنىڭ داناسى خەلقىم.
كۆكلەم باھارنىڭ بەرناسى خەلقىم.

ئاقار دەريالار پەرمانىڭ بىلەن،
چۆللەر گۈل بولار ئارمانىڭ بىلەن.
تاغلار ئالدىڭدا قىلىدۇ تەزىم،
تۈزەش، گۈللەشنىڭ شەيداسى خەلقىم.

پارلاق ھاياتنىڭ سىمۋولى سەن،
ئالغا ئۆرلەشنىڭ نىشان، رولى سەن.
ياشايسەن مەڭگۈ ئالەم بىلەن تەڭ،
چەكسىز ئالەمنىڭ ھەيداسى خەلقىم.

گۈزەل بەختنىڭ مەناسى خەلقىم،
دەۋر - دەۋرانىڭ داناسى خەلقىم.

1987 - يىل



# سۆيىمەن

ئەي مېنىڭ دىلىدىن سۆيگەن ۋەتىنىم،
باھار نۇرىغا چۆمگەن دىيارسەن.
تولغان قۇچىقىڭ لالە - رەيھانغا،
خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئىپارسەن.

قانچىلاپ مەردنى ئۆستۈردۈڭ سۆيۈپ،
ئۇلغايدى خەلق ئىشقىڭدا كۆيۈپ.
ئەلنىڭ غۇرۇرى، ئىپتىخار-پەخرى،
كۆزلىرىمگە نۇر، تەندە مادارسەن.

سۆيىمەن سېنىڭ گۈزەل تېغىڭنى،
سۆيىمەن سېنىڭ بەخت بېغىڭنى.
سۆيىمەن پارلاق كېلەچىكىڭنى،
مەڭگۈ قەلبىمدىن ئۆچمەس نىگارسەن.

1985 - يىل

# داستانلار

# قەرز قالغان توي ھەققىدە قىسسە

ئەجەب ئوبدان زامان بولدى،
كۆڭۈللەر شادىمان بولدى.
ئازاد ئەمگەك ماكانى يۇرت،
بەخت ـ راھەتكە كان بولدى.

تۆكۈپ تەرئىشلىگەن دىھقان،
كۆتۈردى قەد تىپىپ زور شان.
ئىلىپ نەپ ئەجرىدىن ھەركىم،
خۇشال يايرايدىغان بولدى.

يىمەك ـ كىيمەك غىمى يوقتۇر،
كۆڭۈل كەلگۈسىدىن توقتۇر.
كۈنۈ تۈن قىلسىمۇ ئەمگەك،
بىلەك تالمايدىغان بولدى.

تۆكۈپ تەرئىشلىسەك قانچە،
سۈرەرسەن پەيزىنى شۇنچە.
چېۋەر ئەمگەكچىگە بايلىق،
تەبىئىي ئۇنۋان بولدى.

دېسەك: تارتماي جاپاھەرگىز،
جاپالىق ئىشلە پۈكمەي تىز.
جاپالىق ئۆتكىلى ئىشنىڭ،
راھەتكە ئىمتىھان بولدى.

شۇشادلىق پەيزىدە يايراپ،
ھامان ھېسسىياتلىرىم قايناپ.
جىمى كەچمىشلىرىم شۇدەم،
كۆز ئالدىدا ئايان بولدى.

× ×

ئىدىم مەن ئەسلىدىن دېھقان.
ئىش - ئەمگەك قوينىدا پىشقان.
ئەزەلدىن يەك تۇرۇپ ئىشقا،
بولۇپ كەلگەن جەسۇر - پالۋان.

نىشانىم ئەلنى گۈللەشتى،
شۇسايان ئالغا تۆرلەشتى.
مۇناسىپ ئارزۇ - ئەھدىمگە،
ئىدى زور تەندىمۇ دەرمان.

دېمەيتتىم چارچىدىم تالدىم،
دېمەيتتىم يالىڭاچ قالدىم.
باراتتىم ئالدىدا ھەرچاغ،
بىرىلسە نېمىدەپ پەرمان.

لېكىن بىلمەيتتىمەن باشتا،
ئۇنۇم يوق قىلچىمۇ ئىشتا.
خىجىللىقتا قويدى بىر ئىشلار،
مېنى بەك قالدۇرۇپ ھەيران.

قىزىل تۇغنى كۆتۈرسە كىم،
قىزىل تۇغ ۋارىسى دەپتىم.
گۇمان قىلماپتىمەن تۇغنى
قىلاردەپ ئۆزىگە قالقان.

ئىشەنچ - ئەقىدىمىز تۇغقا،
بولۇپ ئالۋاستىغا تۇتقا.
قىلىپ لاي سۆپسۈزۈك سۇنى،
بېلىق تۇتماقتىكەن شەيتان.

بىراق تەستۇر ئۇنى ئېيتماق،
كىم ئېيتسا سېلىنار سىرتماق.
سىقىلدى دېمى ھەركىمنىڭ،
ئەلەمدىن قەلبى بوپ گۇلخان.

تاقالدى يولى تۇرمۇشنىڭ،
سۇرىدىن شۇ تۆمۈر مۇشتىنىڭ.
دېھقاننى قۇچتى قاششاقلىق،
بولۇپ زور ئېگىلىك ۋەيران.

مۇناسىپ ئەھلى ئىنسانغا،
ياشاش يات بولدى دېھقانغا.
نېمە پۇل؟ كۆرمىدى يىللاپ،
تويۇپمۇ يېمىدى ئاش ـ نان.

× ×

«ئېكەككە يولۇقار دوقاق».
دېگەندەك ماڭا نەق شۇ چاغ.
كېلىپ دۇچ قىلدى تەڭلىككە،
بالامنىڭ تويىنى قىلماق.

قېتىپ باشىنىڭ ئىچى ـ تېشى،
دېمەمنى قىستى ئەندىشى.
كۆن ئالماق شۇنچە تەس تۇرسا،
ئاسانمۇ يۇرتقا چاي قويماق.

لېكىن ئاسان ئەمەس ئاندىن،
قېچىپ ئۆتمەكلىكىم ياندىن.
ئاتىلىق قەرزىدۇر ئەسلى،
يىگىت چوڭ بولسا توي قىلماق

ئادا بولسا ئاتا قەرزى،
خۇشال كۆلمەمدىغان قەلبى.
شۇڭا تويىنىڭ غېمى شادلىق —
بىلەن دائىم بولۇر ئورتاق.

شۇڭا قىلماق ئۈچۈن تويىنى،
پۈكۈپ كۆڭلۈمگە بىر ئويىنى.
قەدەم قويدۇم قۇدام ياققا،
بولۇپ يېڭىچە شەرت قويماق.

دېدىم مەن: ئەي قۇدا، ئاڭلاڭ،
بۇ قاتقان باشنى تېز ئوڭلاڭ.
قولۇمدىن كەلسە بو تويغا،
كېرەكتى نەچچە قوي سويماق.

قولۇم قىسقا، تولا دەردىم،
چېچىمدىن تولا ھەم قەرزىم.
بېرەلمەسمەن شۇڭا ۋەدە،
قىلىشقا توي چېلىپ دۇمباق.

ئادا قىلماققا بۇرچۇمنى،
بېرەي مەن سىزگە ئوغلۇمنى.
ئۇنىڭسىز نەس ئىكەن ھازىر،
ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشماق.

قۇدام ئالدى كۆزىگە ياش،
قىلىپ دەردمەن دىلىنى پاش.
دېدى: بىزگە ئامال قانچە،
بوغۇپ تۇرسا قەرز شۇنداق.

ئىجازەت شۇ بولغاي بىزدىن،
ئېلىپ خەتنى ئۇلار تېزدىن.
تۇتۇپ بىر ئۆينى جىمجىتلا،
ھاياتنى باشلىسا قانداق؟

قۇدامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،
يۈرەك ئۆركەشلىدى يايراپ.
دېگەندەك بولدى بۇ خۇددى،
« قاراپ يوتقانغا پۇت سۇنماق ».

بىراق شۇ چاغدىكى شادلىق،
بولۇپتۇ ئەسلى ۋاقىتلىق.
ھامان بولمايدىكەن ئىشلار،
قارشىلىقسىز، ئاسان ئۇنداق.

× ×

قۇدام كەلدى شۇ كۈن كەچتە،
چىرايى زەپىران ـ خەستە.
تۆكۈپ ياش كۆزىدىن ئۆزمەي،
دېدى شۇ سۆزنى، مىڭ تەستە:

- كەچۈر دوستۇم، يامان ئەھۋال!
ئايال ئاڭلاپ قىلىپ جاڭجال.
ياقامغا قول سېلىپ تىللاپ،
بوۋامنى كۆرسەتتى بىر پەستە.

دېدى: «يوق خارلىقتا قالغان قىز،
باقالماي ئارىلىقتا قالغان قىز.
ئۇ قىسمەت مەن ئۈچۈن جاندىن،
ۋە جاننى باغلىغان رىشتە.

ئەگەر چىقسا ئاڭا لايىق،
بولۇپ ئەنئەنگە سادىق.
قىلىپ توي داغدۇغا قىلسۇن،
ھامان ساقلانغۇدەك ئەستە».

قويايلى شۇڭا بۇ ئىشنى،
بېسىپ مەھكەمرەك چىشنى.
كۈتەيلى ياخشى كۈنلەرنى
كېتەر بۇ كۈنمۇ كەلمەسكە...

× ×

كېلىپ شۇ ئىش ماڭا بەكھار،
تۇيۇلدى بۇ جاھان ھەم تار.
ئېغىركەن زەپمۇ يوقسۇللۇق،
ئىكەن يوقسۇلمۇ خەستىن خار.

بىرىپ تەقدىرگە تەن ئاخىر،
قىلالماي دەردنى ھەم زاھىر.
ئۆيۈمدە مۆكۈنۈپ ياتتىم،
بولۇپ غەم تىغىدىن بىمار.

ئىدىم مەن رازى شۇدەمدە،
پېتىپ ياتقۇنچە دەرد - غەمگە.
يۇمۇلساي كۆزۈم دەرھال،
يېنىپ كۆز ئاچمىسام زىنھار.

تۈگەپ پۈتمەپتىكەن لېكىن،
مېنىڭ تارتار ئەلەم - غېمىم.
قېچىپ ئوغلۇم شۇقىز بىلەن
قوشۇلدى دەردكە دەرد بىسيار.

كېلىپ قىز ئانىسى دەرھال،
چىقاردى بەكمۇ چوڭ جاڭجال.
دېدى: يوشۇرمىغىن قىزنى،
تېپىپ بەر ماڭا ئەي مەككار!

بولۇپ دىل غەش، يۈرەك پارە،
تاپالماي ئۆزگىچە چارە.
تېپىپ كەلمەككە بالىلارنى،
سەپەرگە باغلىدىم زۇننار.

ئۇلارنى تاپقۇچە ھەيھات!
دېدىم مەن نەچچە رەت ۋاي داد!
لېكىن ئاندىنمۇ كۆپ بولدى،
بىرىپ تاپقاندىكى ئازار.

قىلىپ بىر ئىككىسى گەپنى،
ئېلىپ پىنھانە توي خەتنى.
قىچىشقانىكەن قوشۇشقا باش،
قىلىپ بىر كۈلىنى تەييار.

بۇ ئىش تۇغدۇرسىمۇ غەشلىك،
نە ھاجەت ئۇنى سۆكمەكلىك.
قىلار بۇ بىئامال خەقنىڭ،
ئەلەم، ئىسيانىنى ئىزھار.

ئېشىپ ھېسداشلىقىم چەكسىز،
ئۇلارنى قوللىدىم شەكسىز.
ئىناقلىق ھەممىدىن قىممەت،
ئۇنىڭسىز نىمە شادلىق بار!

دېدىم: قوغلاپ غەمۇ ئوينى،
تۇتۇڭلار بەخۇدۇك تۆينى.
ھامان كەلگۈسىدە چوڭ توي،
قىلىپ بەرمەككە مەن تەييار.

قەرز قالسۇن شۇڭا بۇ توي.
كۆلەر ئىقبال ئاخىر خۇش‌خۇي،
بۇ ئالەم قىسمىتى شۇنداق:
ئېرىپ قار، يەر يۈزى ياشنار.

× ×

ئېرىپ قار، يەر يۈزى ياشناپ،
مانا ھەر ياندا گۈل چاقناپ.
ئېلىپ كەلدى باھار يۇرتقا،
يېڭىچە خۇش ھاۋا باشلاپ.

چۈشۈپ ئارامىغا كۆڭلى،
يېڭى مەنا تېپىپ ئۆمرى،
كىرىشتى بارچە خەق ئىشقا،
يېڭىچە چوڭ قەدەم تاشلاپ.

ئېلىپ شاد ھۆددىگە يەرنى،
ئايانماستىن تۆكۈپ تەرنى.
ھوسۇلنى مول ئاۋۇتقانىنىڭ،
كېلىشتى ئامىتى قوشلاپ.

كۈلۈپ ھەممە خۇشال - شادىمان،
دېيىشتى: كەلدى ھۆردەۋران.
قىلايلى تېخىمۇ غەيرەت،
روناق تاپماق ئۈچۈن ياشناپ.

× ×

بەرىكەت ياغسا دەۋراندىن،
كىلەر ئامەتمۇ ھەر ياندىن.
تېپىپ پۇل مەنمۇ راسلاندىم،
ئېلىپ نەپ بارچە ئىمكاندىن.

قىلىپ دۆلەت ئۇچۇن تارتۇق،
سېتىپ ئاش نورمىدىن ئارتۇق.
يەنە كۆپلەپ كىرىم قىلدىم،
بېغىمدىن، سەي ۋە ئورماندىن.

تۇغۇپ ھەربىرى جۇپ - جۇپتىن،
قويۇممۇ ئاشتى ئون تۆتتىن.
يېيىشكە يوق ئېغىز ئەمدى،
ئۈزۈلمەس ئۆيىمۇ گۆش، ناندىن.

شۇئان ئەسكە ئېلىپ تويىنى،
يېتەكلەپ ئىككى - ئۈچ قويىنى.
قۇدامنىڭ ئۆيىگە باردىم،
قىلارغا مەسلىھەت ئالدىن.

كۈلۈپ ئايال قۇدام شادىمان،
يېيىپ ئالدىمغا مول داستىخان.
دېدى: «ئۇ چاغ نادانكەنمەن،
ئىكەنمەن ھەم تادان ئاندىن.

ئەمەسكەن بىز ئۇچۇن مەنسۇپ،
شۇ چاغ قىلغان سۆزۈم كۆپچۈپ.
دېسەم ھەردەم، خاتا قىلدىم...
دىلىم كۆيەر پۇشايماندىن.

ئامال يوق، ئۆتتى ئۆتكەن ئىش،
سالالماس بىزگە ئۇ تەشۇىش.
قارايلى ئالدىغا ئەمدى،
ئېلىپ كۈچ يېڭى پەرماندىن.

پۈكۈپ دىلغا سىياسەتنى،
قويايلى كۆپ ھەشمەتنى.
ھەشمەت بولمىغاي ئۆلچەم،
ئۆتەرگە چارە تۇغقاندىن.

دېسەك خەجلەيلى ئازدۇر - كۆپ،
بېرەيلى ئۆينى جابدۇپ.
ئۇلار لا شاد - خۇرام ئۆتسە،
چىقارمىز بىزمۇ ئارماندىن... »

× ×

قۇدامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،
ھاياجاندىن يۈرەك ياي راپ،
تۇرۇپ قالدىم قىلالماي گەپ،
قۇدامغا نېمە دەي شۇ تاپ؟!

كېزىپ قەلبىمدە بىرلا ئوي
دېدىم: بۇ زادى قانداق روي.
قۇدامنى نېمە ئۆزگەرتتى،
سۆزى ساز، مەنىلىك ھەم باب.

ئاخىر تاپتىم ئۇنى ئويلاپ،
ۋەتەن ماڭغاچ زەپەر بويلاپ.
بېسىپ مەنىۋى ياقتىنمۇ،
روناق تاپتى خەلق قوشلاپ.

شۇڭا ئېسىل ئەدەب ـ ئەخلاق،
بولۇپ ئەلگە ئۇدۇم ھەرۋاخ.
يېتەكلەپ ماڭدى ھەركىمنى،
يېڭىچە غايىگە باشلاپ.

باسالماي شۇڭا قەلبىمنى،
خۇشال كۈيلەپ بۇ دەۋرىمنى.
قۇدامغا ياغدۇرۇپ ئالقىش،
دېدىم: رەھمەت، ياشاڭ ياشناپ.

1983 - يىل 5 - ئاي

# ئاق چەك

## مۇقەددىمە

ئاق چەك دېسەم، بولۇپ سىز ھەيران
دەرسىز قانداق ئاتالغۇدۇر بۇ؟
يا رەڭگىگە تەئەللۇق گەپمۇ،
ياكى رەقەم يېزىلمىغانمۇ؟

ياق، بۇ ھەرگىز ئېيتىلغان ئەمەس،
پەقەت ئۇنىڭ رەڭگىگە قاراپ.
رەقەمسىزمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا
«مىڭ يۈەن» سان تۇرىدۇ چاقناپ.

بانكىغا پۇل قويغۇچى ھەركىم
ئالغان چەكتىن پەرقى يوق بۇنىڭ.
پۈتۈلسىمۇ لېكىن «مىڭ يۈەن»
ئاڭا لايىق نەرخى يوق بۇنىڭ.

كىرگىنىدە بۇ چەك قولۇمغا،
بولدى بۇگۈن ئاران ئىككى ئاي.
ساقلىشىمغا قىلىپ ھاۋالە
بەرگەن ئۇنى ماڭا سەمەت باي.

شەرھلىمەي شۇڭا چەكنى كۆپ،
ئۇزاتماستىن ھەمدەگەپنى كۆپ.
سۆز ئاچايلى سەمەت ھەققىدە
تەقەززامۇ قىلماي خەقنى كۆپ.

## بىرىنچى باب

## سەمەت باي

يېزىمىزدا سەمەت باي دېسە،
بىلەر چوڭدىن كىچىككە قەدەر.
نە يېزىمىز، بىلىدۇ ھەتتا
كۆلىمى كەڭ شۇ ھەيۋەت شەھەر.

شۇڭا پات ـ پات يېزا يولىدا
چاڭ توزۇتۇپ پىكاپلار كېلەر.
ئۇنى كۆرگەن چوڭ-كىچىك دەرھال
سەمەت بايغا مېھمان دەپ بىلە

سەمەت باينىڭ ئۆيىدە شۇ كۈن
سويىلىدۇ ئىككى - ئۈچلەپ قوي.
سورۇن قىزىپ ياڭرار كۈي - ناۋا،
داغدۇغىسى مىسالى چوڭ توي.

كېلىپ تۇرار قورداق، گۆش، كاۋاپ،
ئۈزۈلدۈرمەس خىلمۇ خىل سەينى.
تۆش جاملاردا ئالدى هاراقلار
ئىچىلەر هەم سۆدەك بەئەينى.

بولۇپ كەيپ هەممە شاد - خۇرام
سەمەت باينى ماختاپ ئىچىشەر.
مەيلا ئەمەس ئىچكىنى — قەسەم،
سەمەت ئۈچۈن جاندىن كېچىشەر.

ئىچەر سەمەت هاياجان بىلەن،
ئىچەر چۆمۈپ دوستلۇق مېھرىگە.
ئىچەر ۋەدە قىلىپ ۋەسلىنى،
خەجلىمەككە هەربىرلىرىگە.

رومكىلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى
بېسىپ چۈشەر نەغمە - ناۋانى.
خۇش كەيپلەر ۋاراڭ - چۇرۇڭى،
چۇلغاپ ئالار كۆكنى — سامانى.

قالار قېتىپ تاۋاقلاپ تاماق،
ئۇنى يېمەك ئۈچۈن ئېغىز يوق.
قاچار سوۋۇپ سەيلەرنىڭ پەيزى،
بىراق هاراق ئىچىلەر تولۇق.

شۇ هالەتتە نەچچە ئون شىشە،
قۇرۇپ يەردە دومىلاپ ياتار.
دومىلىشىپ خۇش كەيپلەرمۇ،
شىشىلەردەك يېتىشار قاتار.

تاڭ بىلەن تەڭ سەگىشىپ ئۇلار
بولغىنىدا يولىغا راۋان،
تاۋاق - تاۋاق ئاشنى ئەۋرەزگە
غۇدۇرغانچە تۆكىدۇ رەيھان.

ئايالىغا تىز پۆكمەس سەمەت
قىلماس پەرۋا بۇنچە غۇدۇراشقا:
- كېرەك بايلىق پەيزىنى سۈرمەك،
دۆلەت قۇشى قونغاندا باشقا.

ئەركەك غازدەك كېرىپ كۆكسىنى،
دوقمۇش تامان ماڭار يول ئېلىپ.
ئۇندا - كىچىك دۇكان ئالدىدا،
بىكارچىلار تۇرار يىغىلىپ.

كۆرۈش بىلەن سەمەتنى ئۇلار،
خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىشەر.
بەس - بەس بىلەن ئەھۋال سورىشىپ،
تۇتى قۇشتەك سايراپ كېتىشەر.

پەيزى تۇتۇپ شۇئان سەمەتنىڭ،
دۇكانچىغا قىلار ئىشارەت.
شۇ ئىشارەت بىلەن پوكەيگە،
بوتۇلكىلار تىزىلار رەت - رەت.

تەشنا لەۋلەر ھەش - پەش دېگۈچە،
مەيگە قېنىپ قىلار تەبەسسۇم.
كۆلكە - چاقچاق چىقار ئەۋجىگە،
ياڭرار ھەمدە ناخشا - تەرەننۇم.

ھەيران بولۇپ ئۇششاق باللار
يىغىلىشار كۆرمەككە ئويۇن.
ھەممىتى كۆپ سېخىي سەمەت باي
ئۇلارغىمۇ ئاچىدۇ قويۇن.

دەسمايىدۇر بۇنىڭغا پەقەت
ئېشىپ كەتسە ئۈچ كىلو كەمپۈت.
چاچقا قىلىپ چاچىدۇ ئۇنى
تۇۋلاپ: - قايسىڭ چاقان بولساڭ تۇت!

قىي - چۇ سىلىپ بالىلار شۇ ئان،
چاچقۇلارغا ئۇزىتىشار قول.
چاڭ - توزاڭلار ئۆرلەپ ھاۋاغا
كۆزدىن غايىب بولار ھەتتا يول.

مەستلەر كۈلەر، كۈلەر سەمەتباي،
بۇندىن ئارتۇق بولماس تاماشا.
بىزنىڭ سەمەت ئەنە شۇنداق باي
ئۆتەر كۈنى شۇنداق ھەمىشە.

## ئىككىنچى باب

### مېنىڭ دوستلۇقۇم

تونۇش ماڭا سەمەت ئۇزاقتىن
بەش بارماقتەك بىلىمەن ئۇنى.
قىلىسمۇ ئۇ گەرچە بەتخەجلىك،
چىندىن ھۆرمەت قىلىمەن ئۇنى.

چۈنكى ئۇنىڭ بەتخەجلىكىدىن
تەگكەن ئىدى ماڭا خېلى نەپ.
نۆۋىتىدە سىزگە بۇنىمۇ
ئۆتمەك كېرەك سەمىمىي سۆزلەپ.

دەل بۇنىڭدىن سەككىز ئاي بۇرۇن،
ھۇۋۇلدايتتى كەچ كۈز شامىلى.
ئۆچ قويۇمنى ماڭدىم يېتىلەپ،
سېتىپ قىشلىق كىيىم ئالغىلى.

بىراق ئىشىم ئوڭغا تارتمىدى،
قوي باھاسى ھەرگىز ئارتمىدى.
ئۇ باھادا سودىلىشىشقا
پېقىرنىڭ ھېچ كۆڭلى تارتمىدى.

ياندىم ئاخىر بولۇپ بىئارام
كاچ تەلىيىم ئۇستىدىن تەگەپ.
دەيتتىم: بورداق قوينى يەتمىشكە
ساتالمىدى دېگەن قانداق گەپ؟!

سەزمەيتمەن ئاشۇ خىيالدا،
كەلگىنىمنى مەلىگە يېتىپ.
شۇندا مېنى كىمدۇ بىرىنىڭ
توۋلىغىنىنى قالدىم ئىشىتىپ.

بۇرۇلدۇم - دە كەينىمگە ئاستا،
چۈشتى كۆزۈم بىزنىڭ سەمەتكە.
ھويلىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ،
شەرەتلەيتتى ئۆزى تەرەپكە.

— ھەربىر قويغا بىرسەن قانچە؟
دېدى يېقىن بېرىشىم بىلەن.
يۈزيۈەندىن ئۈچىنى ئۈزاتتى،
— سەكسەن يۈەن، — دېيىشىم بىلەن.

ھەيرانلىقىم ئېشىپ چېكىدىن،
دېدىم نېمە قىلغىنىڭ سەمەت؟
— دەل كەلگەنىنىڭ مۇكاپىتى بۇ،
قويغا راسا چۈشكەندە ھاجەت.

دېدى-دە ئۇ ئەسكەرتتى ماڭا
كەلگىنىنى ئۆيىگە مېھمان:
— بۇنداق چاغدا قالماق سارغىيىپ،
ئۆلۈمدىنمۇ مىڭ ھەسسە يامان.

شۇڭا بۇنداق چاغدا پۇل بىلەن
ھېسابلىشىپ تۇرغان ئەر ئەمەس.
تېپىلىدۇ پۇل دېگەن ھامان،
بىراق ئابروي تېپىلمىقى تەس...

بۇ مەردانە سۆزلەر ئالدىدا
زادى نېمە دېيىشىم كېرەك؟
رەھمەت ئېيتىپ، شۇنداق، شۇنداق، دەپ
پۇلنى ئېلىپ كېتىشىم كېرەك.

غەملەشكە قىدىش غېمىنى ئاشۇ
پۇلىنىڭ پەقەت بىر قىسمى كەتتى.
ھە، قالغىنى ئېلىپ تۆت پاقلان
بوردىشىمغا بىمالال يەتتى.

ماختانمايمەن، يەتمەس ھېچكىشى،
مال بورداشتا بۇ يۇرتتا ماڭا.
قىردىق كۈنلا باقسام، سەمەتنىڭ
سورۇنىغا ياردى يەنە.

شۇندىن بۇيان سەمەت تەبىئىي،
بولۇپ قالدى مەخسۇس خېرىدار،
يۈز يۈەنلىك ئىدى ھەرقويىمۇ،
چوڭ-كىچىك دەپ تۇرۇش نومۇس-ئار،

شۇندىن بۇيان ئۆتتى سەككىز ئاي
ساتتىم ئاڭا جەمئىي ئاتمىش قوي.
ئۇندىن كەلگەن پايدىدىن ھازىر،
بار قولۇمدا نەقلا ئۈچ مىڭ كوي.

بولۇپ تۇرسا شۇنداق خېرىدار
قېيىن ئەمەس ئىكەن بېيىماق.
تېپىلمايدۇ ئىككىنچى يەردىن
ئۇنداق سېخىي خېرىدار بىراق.

ئۆتسە شۇنداق يەنە ئۈچ ـ تۆت ئاي
ئۆچەر ئۇنىڭ «سېخىي» نامىمۇ.
كۆچەر ماڭا چۈنكى تامامەن
بايلىغىمۇ، شەۋكەت ـ شانىمۇ.

كەچكىنىدە شۇ ئوي كۆڭلۈمدىن
تۇرۇپ قالدىم چۆكۈپ خىيالغا.
ئايلانمايدۇ دېيەلەيدىكەن،
بۇ ئويۇمنى كىممۇ رېئالغا.

ئۇنداقلارغا قىلاي ھەدىيە
ئەجدادلاردىن ئىككى سۆز پەقەت:
«يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشىماس»
«بار، ـ ئەكسىچە، ـ ھەرىكەتتە بەرىكەت».

قاچتى ئۇيقۇم ئەنە شۇ كېچە،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى سەھەت.
يۈرىكىمگە سالاتتى دەھشەت،
ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئاقىۋەت.

ھېسداشلىقىم ئېشىپ ھەسسىلەپ،
ئۇنى تۇسۇپ ئالغۇم كېلەتتى.
ئۇنى تالاپ يېۋاتقانلارنىڭ
تۇمشۇقىغا سالغۇم كېلەتتى.

بولدى پەيدا شۇندا ئۇشتۇمتۇت،
كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ كەچمىشى.
ئاز جاپاغا سالمىغان ئۇنى،
يوقسۇزلۇقنىڭ دەردى، تەشۋىشى.

چوڭقۇرلاشسۇن تونۇشلۇقىڭىز
قىلاي شۇنى قىسقىچە بايان.
ئۇنىڭ قانداق ياشاپ، قانداقچە
بېيىغىنى بوپ قالسۇن ئايان.

## ئۈچىنچى باب

### سەمەتنىڭ قىسقىچە تارىخى

تەبىئەتنىڭ ساپ هاۋاسى بار،
زوقلانىدۇرار شاد ناۋاسى بار.
قەهرىتانى، تومۇز ئاپتىپى،
زۇلمىتى هەم تاڭ ساباسى بار.

ئوخشار ئاڭا كىشىلىك تۇرمۇش،
ئۇنىڭ بەختى هەم ساپاسى بار.
بەزەن دىلنى قىلىدىغان غەش،
غەم قايغۇسى، دەرد - جاپاسى بار.

كۆز ئاچقاندا سەمەت ئالەمگە،
بەخت كۈلۈپ باققاندى ئاڭا
بەختىيار شاد ياش ئاتا - ئانا
باغرىنى چىڭ ياققاندى ئاڭا.

يايلاقتىكى ئەركىن تايچاقتەك
ئۆستى سەمەت قايغۇسىز، غەمسىز.
ئۈنىڭ ئۈچۈن يوقتى كەم نېمە،
يېمەك، كىيىمەك، ئويۇنچۇق دەمسىز.

بۇزۇپ — چېچىپ خالىغىنىچە،
بولاتتى ئۇ ئۇندىن بەھرىمەن.
هاي، دېمەيتتى ئاتا - ئانىسى
ئۆسسۇن دەيتتى مەغرۇر، شاد هامان.

ئاشۇ هالدا تاماملىدى ئۇ،
تولۇقسىزنى ئوتتۇرا هال ئوقۇپ.
يەنە داۋام قىلماق ئۈندىغا،
تۇرار ئىدى تاغدەك تۈيۈلۈپ.

بولدى شۇندا ئەلنىڭ بەختىگە
تاش ئاتقۇچى شۇ «زور ئىنقىلاب».
بارچە ئىشلار توختاپ ئىزىدا،
ئەۋج ئالدى تەگسىز ئىختىلاپ.

نەدە قالدى تەشكىل، ئىنتىزام،
بولدى غايىب باشقۇرغۇچىمۇ.
ئاتالايتتى كېلىشتۈرۈپ مۇشت،
مۇئەللىمگە ئوقۇغۇچىمۇ.

سەمەت ئۈچۈن بۇ ئاجايىپ چاغ
ئالتۇن پەسىل بولۇپ تۇيۇلدى.
گويا ئۈچۈپ چىقىپ قەپەستىن،
كۆكتە پەرۋاز قىلغاندەك بولدى.

بىلىمگە تاقاپ يەڭ بەلگە،
قىلدى سەپەر شەھەرمۇ شەھەر.
قىلدى ئاسان مۇشكۇللىرىنى،
«ئىسيان» ناملىق يالتىراق شەمشەر.

زېچ ئەگىشىپ باشلىغۇچىغا،
توسالغۇلار باغرىنى تىلدى.
مۇشتتەك تۈرۈپ ھەريوغان قوساق
ئەمەلدارنىڭ بۇرنىنى ئىلدى.

پاتماس ئىدى قېين - قېنىغا ئۇ
بۇ ئۇشتۇمتۇت كەلگەن نۇسرەتتىن.
دەيتتى: پەقەت ئىسيان روھىلا
قۇدرەتلىككەن بارچە قۇدرەتتىن.

ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇ روھ ھەيۋىسى،
كاپالىتى ئىدى ھەممىنىڭ.
شەھەرنىمۇ ئالار غەلۋىسى
شۇ روھتىكى بىر توپ تەلۋىنىڭ.

ھېس قىلمايتتى بىراق قىلچە ئۇ
بۇ تەلۋىلىك ئاقىۋىتىنى.
كىمگە ئەلەم قىلىپ كىملەرنى
شاد قىلغانىنىڭ ماھىيىتىنى.

دەرھەق، كۆپلەر قىلالمايدۇ ھېس
تاقالماستىن شەخسىيىتىگە.
ئۆلچىنىدۇ شۇڭا دۇنيامۇ
لايىق ھەركىم ھېسابىتىگە.

سەمەت قايتىپ ئۇزۇن سەپەردىن
ئېغىر ئازاپ چەكتى تۇنجى رەت.
كۆرۈنمەيتتى ئۇنىڭ ئاتىسى،
كەتكەن ئىدى خوشلىشىپ ئەبەد.

جۇدالىقتا قەلبى قان ئانا،
ياتار ئىدى بىلمەي خۇدىنى.
ئەكسىيەتچى تاۋابىئاتى دەپ
يوقىلمايتتى خەقلەرمۇ ئۇنى.

— ئەكسىيەتچى بولسۇن قاندىقچە؟
دېدى سەمەت غەزەپكە تولۇپ.
ئىشلەيتتىغۇ ئاتام شەھەرلىك
پارتكومدا باش كاتىپ بولۇپ.

شۇندا تەستە ئىڭراپ ئانا،
دېدى: ئۇ پاك، ئۇندا گۇناھ يوق.
گۇناھ دېسەڭ؛ بەرمىدى تامغا
ئىسيانچىلار تارتقاندا ھوقۇق.

ئاھ دەۋەتتى تولغىنىپ سەمەت،
بولدى ئايان ئاڭا بارچە ئىش.
كۆز ئالدىغا كەلدى ئۇر - سۇرلەر،
توسالغۇنى دەسسەپ يىمىرىش...

قاتناشقاندى ئەنە ئاشۇنداق
جەڭ - جېدەلگە سەمەتمۇ تالاي.
كۆرگەن قارشى چىققاننىڭ ھالاك
بولغىنىنى مىنۇت پايلىماي.

ھۇزۇرىنى سۆرگەن «ئۇلۇغۋار»
كۈچىنىڭ ئۇ چاغ سەمەت ھەۋەستە.
ئاتىسىمۇ شۇ كۈچ قۇربانى
بوپ قېلىشى نە كەلسۇن ئەسكە!

ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ سەمەت
ئۆكۈنۈشتە ئالدى كۆزگە ياش.
دەۋەتلىرى ئۇ تۇرغان سەپنىڭ
بوپ تۇيۇلدى، تامامەن ئالداش.

شۇ پۇشايمان ئىلكىدە سەمەت،
يىغىشتۇردى ئۆي بىساتىنى.
— بالام، سەن... سەن... ، — ئىگىردى ئانا
چۈشىنەلمەي ھېسسىياتىنى.

دېدى سەمەت: — سالامەتلىكىڭ
مۇھىم بارچە مۇھىمدىن ماڭا.
ساقىيىشىڭ ئۈچۈن بار بىسات
بولسۇن تامام دەسمايە ساڭا.

ئۈندىمىدى ئانا، بىساتتىن
كەچمەك قانچە بولسىمۇ قىيىن.
چۈنكى ئۆيدە دورىغا ئەمەس،
نان ئۈچۈنمۇ يوقتى بىر تىيىن.

— ساتقىن، — دېدى ئانا پىچىرلاپ، —
دەردكە دەرمان بولۇپ قالسا، بەس.
پايدىلىنار ھەركىم مۈلكىدىن
بېشىغا كۈن چۈشسە ھەرنەپەس...

تاللاپ ئالدىن ئىككى گىلەمنى
ماگدى سەمەت يەلكىگە يۈدۈپ.
بىراق بىلمەس ئىدى ئۆزىنى
تۇرغىنىنى نىمىلەر كۈتۈپ.

چىقىشىغا ئىشىك ئالدىغا
پايلاقچىلار چىقىپ كېلىشتى.
يەلكىسىدىن تارتىپ گىلەمنى،
ئۇنى راسا ئۇرۇپ، تېپىشتى...

ئىگرىغانچە يىقىلدى سەمەت،
بىلەلمىدى ئىشىنىڭ تەكتىنى.
بىلەلمىدى شۇندا قىلا بۇ خىل
تەلۋىلەرنىڭ نىيەت - قەستىنى.

بىراق ئېنىق تەلۋىلەر ئۈچۈن،
يۇقىرىنىڭ بەرگەن بۇيرۇقى.
ئەكسىيەتچى تاۋابىئاتلىرى
بولۇر جەزمەن ئۇنىڭ قۇيرۇقى.

قىلىنىشى كېرەك نازارەت
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەرقاچان.
يول قويۇلماس ئۇلارنىڭ ھەرگىز
قۇترىشىغا قىلىپ مالىمان.

شۇڭا سەمەت شۇغۇللانغان ئىش،
ئازارەتكە قارشى چوڭ قىلمىش.
شۇندا قىلا ئۇ كاپىتالىزىم —
تۇپرىقىدا قايتا تىرىلىش...

باھانە بولدى شۇ ئىش، تۆپىلەپ
باستى دەھشەت بۇ ئۆينى، ھەيھات!
يالىڭاچلىنىپ قالدى ئۆي ئىچى
مۇسادىرە قىلىنىپ بىسات.

شۇ دەھشەتتىن يۇمدى ئانا كۆز،
تېپىلمىدى قۇتقۇزغۇچ مەلھەم.
قالدى سەمەت تىكەندەك يالغۇز،
كۈتەر ئەمدى ئۇنى نەئەلەم؟

قۇچاق ئاچتى ئاڭا كۆپ ئۆتمەي
بىر بەھەيۋەت يېڭى چاقىرىق.
ئالماققا ئۇ «قايتا تەربىيە»
بولدى كېلىپ بىزنىڭ يېزىلىق.

شۇندىن بۇيان ئۆتەر بىز بىلەن،
ئۇنىڭ بارلىق كۈنى ۋە تۈنى.
ئاڭا ھېسداش بۇندا ھەممىمىز،
ھەرگىز تاشلاپ قويمىدۇق ئۇنى.

چۈنكى ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى،
ئايان ئىدى بۇندا ھەممىگە.
دەيتتى ھەركىم ئىنسانىي بۇرچ
دەرمان بولماق ئۇنىڭ دەردىگە.

تاپسا بىركىم توت سەر يېڭى گۆش
ئۇنى دەرھال ئەسكە ئالاتتى.
خام قايماقتىن قىلسىمۇ پوشكال
داستىخانغا داخىل قىلاتتى.

ئاھ نېمانچە قىزغىن، ئاق كۆڭۈل،
ئاھ نېمانچە مېھرىبان دېھقان.
ئۆمۈر سۈرمەك ئۇلار ئىچىدە
نېسىدىگەن كۆڭۈللۈك ھەر ئان.

ئۇنتۇدى غەم - قايغۇلىرىنى
شۇ غەمخورلۇق ئىلكىدە سەمەت.
يېزا ئانام، —— دېدى ھەم بۇندا!
بولدى قالماق يەرلىشىپ ئەبەد.

ئۇنىڭسىزمۇ قايتماق شەھەرگە،
بۇ يىگىتكە ئىدى بىگانە.
قايتتى خىزمەت تېپىپ باشقىلار،
قالدى پەقەت سەمەت يېگانە.

يول ميڭىشتى شياۋدۇيجاڭلارمۇ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيدۈرۈشۈپ جان.
پۈتلىكاشاڭ بولاتتى بىراق،
ئاتىسىنىڭ ئەھۋالى ھامان.

بىراق بولماس تاڭ ئاتماس ھېچ تۈن
تۈننى يېرىپ پارلار ھامان كۈن.
نۇرغا تولدى زېمىن قايتىدىن،
سۈپۈرۈلۈپ چاڭ، تۇمان، تۈتۈن.

كەلدى ئامەت سەمەتكە قايتا،
بولدى پىڭگەن ئۇنىڭ ئاتىسى.
قايتتى مۈلكى، قايتتى ھەم ئۇنىڭ
ئاتىسىنىڭ تالاي ئاقچىسى.

قايتتى يەنە ئۆزى چوڭ بولغان
بەش ئېغىزلىق ئۆيى بار قورۇ،
(ئۆزگىلەرگە ماكان بولغان بۇ،
سەمەت بۇندىن بولغاندا جۇدا).

گەرچە سەمەت سۆيسىمۇ ئۇنى
بىر مۇقەددەس تەۋەررۈك بىلىپ.
كېڭەيتمەكچى بولدى بىر زاۋۇت،
شۇ قورۇنى ئىلكىگە ئېلىپ.

تۇتۇپ كۆزدە دۆلەتنى سەمەت
بەردى ئۇنى رازىلىق بىلەن.
ئۇنى رازى قىلدى زاۋۇتمۇ
بولدى قورۇ ئۇتتۇزمىڭ يۈەن.

ئۆمرىدە پۇل كۆرمىگەن گۆدەك،
ئالدى ئۇنى ھەيرەتتە تۇرۇپ.
ۋوجۇدىنى چۇلغىدى تىترەك
ھاياجاندىن قەلبى جۇش ئۇرۇپ.

ئاھ پۇل،

ئاھ پۇل،

كىشى ئۆمرىنىڭ

كاپالىتى، غۇرۇرى سەن پۇل.
سېنىڭ بىلەن كۆڭۈل توق ھەردەم،
سېنىڭ بىلەن ئۇزۇن ھەمدە قول.

سېنىڭ بىلەن بولار مەقسەت ھەل،
سەن ئاچىسەن ئارزۇلارغا يول.
تىرىشقاقنىڭ سادىق يارى سەن،
بەتخەجلەرگە بولمايسەن قوبۇل.

كىتابخانىم كۆرۈپ ئۆتتىڭىز،
سەمەت باينىڭ تەكتى ـ ئەسلىنى.

ھەم بىلدىڭىز ئۇنىڭ قانداقچە
تاپقىنىنى باھار پەسلىنى.

بىراق سىزنى سالمىقى ئېنىق،
تەئەججۇپكە ئۇنىڭ بۇگۈنى.
ئېسەڭگىرەپ بايلىق ئالدىدا
تەلۋىلەرچە «ئويناپ - كۈلگىنى».

دەرسىز بەلكىم ئۇنتۇدىمۇ ئۇ
سەرسانلىقتا چەككەن دەردىنى،
ناتايىن دەپ بېرىمىز جاۋاب،
ئۇنتۇمىغان بەلكىم ھەممىنى.

بىلەمسىزكى، لېكىن كىتابخان،
پۇلمۇ مەيدەك قىلىدۇ كەيپ.
كەيپلىكتە بولىدۇ ئايان،
ھەركىمدىكى يوشۇرۇن ئەيىب.

شۇنچە پۇلنى كۆرگەن سەمەتنىڭ،
مەستخۇشلۇقى ئاشتى ھەددىدىن.
بالىلىقنىڭ ئەركىلىكلىرى
باش كۆتۈردى ئۇنىڭ قەلبىدىن.

مېغىزىنى چاقماقتا پۇلنىڭ،
ئىش - ئوقەتنى تاشلىدى تامام.

كىرىپ ئەيش-ئىشرەت يولىغا،
بولۇپ كەتتى مەيخورلۇققا رام.

ئايان سىزگە ئۇنىڭ شۇ يولدا،
قۇچقان «شانى»، «نامى» تەسۋىرى.
خۇلاسە شۇ:
ئاچچىق تەرتۆكمەي
تاپقان پۇلنىڭ بولمايدۇ قەدرى.

تىرىكچىلىك يولى ھەرىكەتتە،
بايلىق — ئىشلەپ تاپقان بەرىكەتتە.
تاپقىنىنى يېمەسلىك ئەيىب،
بۇزۇپ - چېچىش گۇناھ ئەلۋەتتە.

شۇنداق گۇناھ چېكىشكە پاتقان،
تاپالمايدۇ ھەرگىزمۇ روناق.
ئۇنداقلارغا بۇ ئالەمدىمۇ،
باردۇر دوزاخ ئازابى ھەرۋاخ.

سالغاي نەزەر شۇنداقلارغىمۇ،
ساۋاپ ئىستەر ئاق كۆڭۈل كىشى.
سۈرەيلى تەڭ جەننەت پەيزىنى،
روناق تاپسۇن ھەركىم تۇرمۇشى.

# تۆتىنچى باب

## مىك يۈەنلىك چەك

كىردىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بۈگۈن،
قۇياش ئۆرلەپ بولغاندا چاشگاھ.
تۇرغان چېغى يېڭى ئورنىدىن،
قىلماپتىكەن تېخىچە ناشتا.

قۇچاق يېيىپ قەدىناسلاردەك
ئالدى مېنى شاد - خۇرام كۈتۈپ.
— قەدىمىڭگە، — دېدى، — مۇبارەك
ئولتۇر قېنى يۇقىرى ئۆتۈپ.

بىر قاراپلا بىلدىم، ئۇ يەنە
مەستخۇشلۇقنىڭ ئىدى ئەسىرى.
تۈگىمىگەنىدى دېمەككى،
كېچە ئىچكەن مەينىڭ تەسىرى.

قاپاقلىرى ئىششىپ مۇشتۇمدەك،
يۈزى تامدەك تاتارغانىدى.
ياشلارغا خاس ئۇسۇك چاچلىرى،
ھەر تەرەپكە سالپايغانىدى.

گويا ئۇزاق كېسەل تارتقاندەك،
ماڭسا تەترەپ تۇرار پۇت - قولى.
ياكى، هالدىن كەتكەندەك ئىدى،
ئۇشتۇمتۇتلا قېرىدى بىر يولى.

يىللاپ - يىللاپ تۈنگە تاڭ ئۇلاپ،
قىلغان ئويۇن كارامىتى بۇ.
ئىچىملىكتىن ئۆرتىنىپ تېنى،
زەئىپلىشىش ئالامىتى بۇ.

دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ شۇ هالدا،
چىقتى ئىزدەپ بۇلۇڭ - پۇچقاقنى.
ئۆيى مېنى مېھمان قىلماقكەن،
ئالدى يېرىم شىشە هاراقنى.

رەت قىلغىچە ئۇنى سۆز ئېچىپ،
قالدى ئۇنىڭ ئايالى كىرىپ.
دېدى: نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟
مېھمان قىلاي ئاۋال چاي بېرىپ!

دېدى سەمەت: بىلمەيسەن خوتۇن،
ئۇلپەتچىلىك دېگەن نېمىنى.
هەم بىلمەيسەن هەر تامچە مەيگە،
دوستلۇق مېھرى سىڭگەنلىكىنى.

دوستلار شۇڭا ئۇچراشسا ھەردەم،
ئېغىزلىنار ئاۋۋال مەي بىلەن.
مەيسىز ھېچكىم تاپالماس لەززەت،
ھەتتا يەتمىش ياڭزا سەي بىلەن.

قېلىپ كەلگىن ئاۋۋال رومكىنى،
ناشتىلىققا كۆتۈرەي بىرنى.
ئۇرۇشتۇراي قاسىم بىلەن ھەم،
يالقۇنلىتىپ دوستلۇق مېھرىنى.

باقتى ماڭا رەيھان لاپ ئېتىپ،
كۆزلىرىدە يېلىنىش - ھەسرەت.
كۈتەتتى ئۇ شۇ تاپتا مەندىن،
قوي ئىچمەيلى دېيىشنى پەقەت.

دېمەك بىزار بولۇپ كەتكەن ئۇ،
يولدىشىنىڭ مەيخورلۇقىدىن.
بولماس بۇنى ئايرىپ قاراشقا،
ئۇنىڭكى چىن غەمخورلۇقىدىن.

بىراق قېيىن ئىدى ئۆزىنىڭ
يولدىشىنى توسۇپ قالمىقى.
لازىم ئىدى شۇڭا ئۇنىڭغا
ماسلاشقۇچى بىرى بولمىقى.

قىلىپ قوبۇل ئۇلتىنجاسىنى،
دېدىم ئاخىر، — ئىچمەيلى سەئەت.
بولدۇغۇ ئىچمەي تۇرۇپمۇ،
قىزىتىشقا ئۆزئارا سۆھبەت.

مېيىقىدا كۈلدى - دە سەئەت
پىيالىدىن بىرنى كەلتۈردى.
يۈزگرامچە قۇيدى ھەم ئىچتى،
ئاندىن ئۇنى يەنە تولدۇردى.

دېمەك مېنىڭ نۆۋىتىمدى ئۇ،
كېرەك ئىدى توختاتماي ئىچىش.
قۇتۇلۇشمۇ تەستى ئىچمەستىن،
تەستى بىللە ئىچمەي گەپ تېپىش.

ئىچتىم ئاخىر قىلىپ خىلاپلىق،
تېخى ھازىر قىلغان سۆزۈمگە.
ئىچتىم، رەيھان مۆلۈلدەپ قاراپ،
تىكىلىسىمۇ شۇتاپ كۆزۈمگە.

ئىچتىم ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
قالدۇرماستىن ھەتتا بىر تېمىم.
ياپراپ كەتتى سەئەت شادلىقتىن،
تۇرۇپ قالدى رەيھان بولۇپ جىم.

سۈرتۈپ تۇرۇپ ئاستا لېۋىمنى،
— ئەمدى قانداق، بولدىمۇ؟ — دېدىم
دېدى سەمەت: — ئىچمىمىز يەنە،
قالمىغاي بۇ شىشىدە تېمىم.

بۇ چاغ ئۇنىڭ كونا كەيپىگە،
يېڭى كەيپ ئۇلاشقاندى.
ئېغىزىدا چايىنىلاتتى گەپ،
كۆزلىرىمۇ تورلاشقاندى.

دېدىم: — ئىچسەك ئىچەيلى، لېكىن
پايدىسىنى سۆزلەپ بەر بۇنىڭ.
دېدى سەمەت: — شۇدۇر پايدىسى،
كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ كۆڭلۈڭ.

— زىيىنچۇ؟ — دېدىم ياندۇرۇپ،
قويۇپ سوئال ئۇنىڭغا دەرھال.
دۇدۇقلىدى بىرەلمەي جاۋاب:
— ھە، بۇ....ھە، بۇ....ئۆزۈڭ بىلىپ ئال.

— بىلسەم، سېنىڭ تارتقان زىيىنىڭ،
بولدى بارلىق كىشىدىن تولا.
قانچە ئىدى پۇلۇڭ، ھە، ھازىر
قالدى قانچە؟ شۇنىلا ئويلا.

ياپراپ كەتتى رەيھان بۇ ئۆۋەت،
تاپقىنىمغا كۆڭلىدىكىنى.
لېكىن گەپكە سالماستىن قوشۇق،
قىلدى ئىما قىستاڭ دەپ ئۇنى.

قىستىدىم مەن ئۇنى توختىماي،
شۇ تەرىقە سوئال ياغدۇرۇپ.
سالغىنىمچە بېشىنى تۆۋەن
تۇرۇپ قالدى چوڭقۇر ئويلىنىپ.

كېيىن ئاستا كۆتۈردى - دە باش،
پىچىرلىدى لەۋلىرى ئاران.
دېدى: — كۆپتۇر تارتقان زىيىنىم،
دېمىسەمۇ ئۇ ساڭا ئايان.

شۇ تەۋەررۇك ئاتا مىراسنى،
چېچىپ بولدۇم، ئۇنى بىر دېمە.
تۇشىماسكەن ئەسلا ھەرقاچان،
بەتخەج مەيخور ئۇچۇن ھېچنېمە.

ئۆيلەنگىنىم قاپتۇ ناھايىتى،
رەيھان بىلەن تونۇشۇپ ئۇچاغ.
گەر بولمىسا، قەلبىمدە مېنىڭ،
قالارئىكەن بىر ئۆمۈرلۈك داغ.

ماختىنىمەن رەيھان بىلەنلا،
كۆڭگىنىڭچۇن خۇيۇ پەيلىمگە.
گەرچە توسۇپ باقسىمۇ تالاي،
باقمىغانمەن ئۇنىڭ مەيلىگە.

كەلدىڭ بۈگۈن دوستۇم ئۇشتۇمتۇت،
ياق، يەتكۈزدى سېنى خۇدايىم.
سۆزلىرىڭدىن يىغدىم ئېسىمنى،
باش ئېگىمەن ساڭا مۇلايىم.

تاشلاپ ئەمدى ھاراقخورلۇقنى،
يار قىلىمەن ئىشنى — ئەمگەكنى.
ئىسپاتلاشقا سۆزۈمنى ساڭا
تۇتقۇزىمەن مانا بۇ چەكنى.

ئەڭ ئاخىرقى مىڭ يۈەن پۇلۇم،
پۈتۈلگەن بۇ چەككە نەقمۇ نەق.
ئىككى يىلسىز ئالمايمەن سەندىن،
ئىشلەپ تېپىپ خەجلەيمەن مۇتلەق.

— ياشا، — دېدىم تولۇپ شادلىققا،
ھاياجاندىن يايرىدى تېنىم.
ھاياجاندىن رەيھان تۆكتى ياش،
شادلىق يېشى ئاقتى بىتىنىم.

# بەشىنچى باب

## كاسىمىرنىڭ سېھرى

ئۆتتى شۇندىن بۇيان تالاي كۈن،
چېلىقمىدى سەمەت كۆزۈمگە.
خۇشال ئىدىم، تەدبىرىم مېنىڭ
ئېرىشىپتۇ دەپ زور ئۈنۈمگە.

نېمە بىلەي خىياللىرىمنىڭ
ئۆز - ئۆزۈمنى ئالدىغىنىنى.
نېمە بىلەي ھاراقكەشلەرنىڭ
ۋەدىسىنىڭ يالغانلىقىنى.

كېلىپ رەيھان تۆكتى ئۆكسۈپ ياش،
ئەيلەپ ئۇنىڭ قىلمىشىنى پاش.
ئەكەتكەنمىش ئۇنى ئۆيىدىن،
ئالا كۆڭلەك، كەپكىلىك تۆت ياش.

ئىككى ھەپتە بوپتۇ، تېخىچە،
يوقمىش ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر.
ئاڭلىشىچە، يەپ - ئىچىپ ئۇلار،
يۈرەرمىشكەن شەھەرمۇ شەھەر.

تۇرۇپ قالدىم بىلەلمەستىن ھېچ،
رەيھانگۈلگە نېمە دېيىشنى.
ئوڭشايمەن دەپ ئۇنى ئالدىراپ
بۇزۇپتىمەن ھە، مانا ئىشنى.

ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەك،
ئاكا نېمە دېيىشىم كېرەك.
ئۆزۈم بۇزۇپ قويغان بۇ ئىشنى
قانداق قىلىپ تۈزىشىم كېرەك.

بېسىپ چەكسىز خىجالەتچىلىك،
تۇرۇپ قالدىم ئويلىنىپ ئۇزاق.
تاللاپ ئاخىر ئاسان بىر يولنى
بەردىم ئاكا تەسەللى مۇنداق:

— ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار،
قونار كېلىپ بۇلبۇلمۇ گۈلگە.
گەرچە چىقىپ كەتسىمۇ سەمەت،
كېلەر يەنە ئايلىنىپ ئۆيگە.

قولۇمدىدۇر مىڭ يۈەنلىك چەك،
قىلالماس ئۇ بىزسىز بەتخەجىلىك.
پۇل تېپىشنىڭ كويىدا بەلكىم،
يۈرگەندۇر ئۇ ئىشلەپ تېجەشلىك.

تاپشۇرسەن سىزگە بۇ چەكنى،
قىلسا داۋام ئەگەر خۇيىڭنى.
بولسۇن بۇچەك چەكلەش تەدبىرى،
كونا يولدىن توسۇشقا ئۇنى.

ئىشلىمەستىن چىشلەيمەن دېسە،
بەرمەك ئاگا ھەتتا بىر ياماق.
ئىشلەپ تېپىپ قىلسۇن خىراجەت،
مەيلى ئىچسۇن ۋە يېسۇن تاماق...

سۆزلىگەنچە كەتتىم قىزىشىپ،
تەدبىرلىرىم كۈچ بېرىپ تولۇق.
چەكلەش،
چەكلەش،
چەكلەشلا پەقەت،
بۇ ئىش ئۈچۈن ئىدى بەك يوللۇق.

رەيھانىغىمۇ كىردى خېلى كۈچ،
كۆزلىرىدە ئويناپ كەتتى نۇر.
شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى پاراڭ،
تەدبىرىمىز بەردى زوق، ھۇزۇر.

× ×

ئۆتۈپ شۇندىن كېيىن ئىككى ئاي،
بولدى پەيدا بىزنىڭ سەمەت باي.

ئەسكى چاپان، ئەسكى پەخەيدە،
كۆرۈپ ئۇنى قالدىم تونۇماي.

چىگىشلەشكەن ئۇنىڭ ئۇستىگە،
رەتسىز ئۆسۈك چېچى قامقاقتەك.
بۇخسار يەنە تېنىدىن بەتبۇي،
چىرىپ كەتكەن قارا پاتقاقتەك.

دەپتىمەن شۇ تۇرقىغا قاراپ،
مەھبۇسمۇ بۇ تۇرمىدىن قاچقان؟
ياكى بىرەر تۇرالغۇسى يوق،
ھەريان كېزىپ يۈرگەن سەرگەردان.

كېيىن تونۇپ ھەيرانلىق بىلەن
ئىشەنمەستىن قالدىم كۆزۈمگە.
سىياقىدىن تېنىم ئەيمىنىپ،
توۋا، توۋا، دېدىم ئۆزۈمگە.

يەتتى بولغاي ئۇنىڭ نەزەرى
مېنىڭ بۇنچە ھەيرانلىقىمغا.
دېدى: بەرگىن ھېلىقى چەكنى.
ھەيران بولماي ۋەيرانلىقىمغا.

دېدىم شۇئان دەرھاللا كېسىپ،
بولماس ھازىر چەك ساڭا نېسىپ.

ئالدى بىلەن لەۋزىڭنى ئاقلا،
ئىشلە راسا ئىككى يىل بىسىپ.

تەلۋىلەرچە كۈلدى ـ دە، دېدى:
— ساقلىشىڭغا قالمىدى هاجەت.
يېزىلغىنى خەجلىنىپ بولدى،
قۇرۇقدالغان ئاق چەك ئۇ پەقەت.

هەيرانلىقىم ئېشىپ چېكىدىن،
دېدىم: — سەمەت، بىلىمەن سېنى.
جاندىن ئۆتتى ئالدامچىلىقىڭ،
دېمە يەنە ئالدايمەن مېنى.

— مەيلى ئالداي، مەيلى ئالدىماي،
قايتۇرۇشۇم كېرەك چەكنى مەن.
ئىشەنمەك بانكىغا بېرىپ،
قىل سۇرۇشتە، يۈرگىن مەن بىلەن.

ئۇنىڭ بىلەن تەگەشكىنىمچە،
ۋە كەينىدىن ئەگەشكىنىمچە.
باردىم ئاخىر بانكىغا يېتىپ،
ئېنىقلاشقا كاسسىرنى تېپىپ.

كاسسىر يىگىت قويدى ئالدىمغا.
ئاق هۆججەتتىن بىر قانچىسىنى.

ھەممىسىدە ئالدىن ئالغان پۇل،
قويغان سەمەت ئۆز ئىمزاسىنى.

ئاندىن يىگىت ئالدى سەنپەننى،
بىر - بىرىگە قوشۇلدى ئۇرۇق.
بىر ھازالىق چاقۇر - چۇقۇرلار،
مىلىڭ يۆەننى كۆرسەتتى تولۇق.

شۇ مىلىڭ يۆەن ئالىقاچانلا،
ئۇشبۇ چەكتىن كەتكەندى چىقىپ.
نىمە دەيمىز سىھىركىچىلارنىڭ
ئويۇنىدەك بۇ ئىشقا بېقىپ؟!

دەرسىز بەلكىم بۇ ئىش خىلاپقۇ،
مالىيىنىڭ قائىدىسىگە؟
شۇنداق، لىكىن دەندىگەن كاسىر،
سەمەت يايىنىڭ ئائىلىسىگە.

بۇندا ئۆتكەن تالاي سورۇننىڭ
بولغان قىزغىن يىقىن مىھمىنى.
شۇ يىقىنلىق شاراپىتىدىن
كۆرسەتكىنى ئايان سىھىرنى.

ئۆز سىھىرىنىڭ زىيانلىقىنى،
بىلمەمدىكىن بۇنداق قاياشلار؟!

قۇرۇتتىغۇ سەمەتنى ئاخىر،
ئەنە شۇنداق «كۆكۆل ئاياشلار»!

شۇ سەۋەبتىن كەتتى بىكارغا،
سەمەت ئۇچۇن چاپقان كەتمىنىم.
ئەمدى قانداق ئالىدىكىن كۈن،
مېنىڭكى بۇ بەتخەج دەردىمنىم؟

**خاتىمە**

تۈگىمىشى بىلەن سەمەتنىڭ،
بولدى تامام ھېكايىمىز مۇ.
تېپىپ بۇندىن تولۇق قانائەت،
«ئۇھ» دېگەنسىز كىتابخان سىزمۇ؟

ياق، بىلىمەن ھازىر سىز ئۇچۇن
ھەل بولمىغان ئىشلار تېخى بار.
— ھالى نەچۇك سەمەتنىڭ ھازىر؟
قىلىڭ، دەيسىز، ئۇنىمۇ ئىزھار.

دەيمەن بۇنى قىلماققا ئىزھار،
كۆپ سۆزلەشنىڭ قالمىدى يولى.
چۈنكى تامام بولدى سەمەتنىڭ،
ئاھ! ئارام بەرمىگەن پولى.

تۈگەش بىلەن ئاشۇ پۇللىرى،
ئارام تاپتى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ.
ئارام تاپتى رەيھانىمۇ، تۈندە
ئۇيقۇ كۆرەر بولدى كۆزىمۇ.

ئارام تاپتى كېچە ۋە كۈندۈز،
ئۈزۈلمەستىن كېلەر مېھمانلار.
تىندى چاچقۇ تېرىشىپ پات ـ پات،
كۆكنى چۇلغار قىزغىن چۇقانلار.

كۈلكىلىرى تىندى مەيسىرىگەن،
دوقمۇشتىكى بىكارچىلارنىڭ.
كىرىپ ئاستا قىسىلدى سەمەت،
ئارىسىغا ئەنە شۇلارنىڭ.

ئەمدى كۆڭلۈم تىندى سەمەتتىن،
بىراق ئۆزگە بىرغەمنى يەيمەن.
پۇل تاپقانلار بىزنىڭ سەمەتنى،
ھەرگىز دوراپ قالمىسا دەيمەن.

欠　　婚（维吾尔文）

吐尔干·夏吾东著

责任编辑：亚生·伊明

新疆青少年出版社出版

（乌鲁木齐市建设路九号）

新疆新华书店发行　新疆奇台县印刷厂印刷

787×1092毫米　32开　4.5印张

1989年3月第1版　1990年8月第1次印刷

印数：1——2,250

ISBN7—5371—0410—7/I·199 定价：1.10元

مۇقاۋىسىنى ۋۇشاۋلەن ئىشلىگەن

ISBN7-5371-0410-7/I・199

باھاسى: 1.10 يۈەن (民文)